
مەھمۇت مۇھەممەد



تارىخنىڭ كۆزى

# موللا مۇسا سايرامى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخنىڭ كۆزى موللا مۇسا سايرامى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN7 - 228 - 08012 - 2
套价：30.00元

رەسىمنى ئىشلىگۈچى : مۇراددىل ئابد
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : مۇراددىل ئابد

## تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 3

1. بۈيۈك بۇددا ئالىمى ——— كوماراجىۋا
2. بۈيۈك تىلشۇناس ——— مەھمۇد قەشقەرى
3. مەنىلەر خەزىنىسى ——— ئەلشىر نەۋائى
4. مۇقامچىلار بوستانى ——— مۇجىزى
5. تارىخنىڭ كۆزى ——— موللا مۇسا سايرامى

ISBN 7-228-08012-2
9 787228 080120 >

5

مەھمۇت مۇھەممەت

## تارىخنىڭ كۆزى

# موللا مۇسا سايرامى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 3

# مۇندەرىجە


بالا موللا ........ 1
سودىگەرلەرنى ئەدەپلەش ........ 11
سايرامدىكى ياش مۇدەررىس ........ 19
مەھمۇددىن خوجا ھۆزۈردا ........ 29
قۇتلۇق ئىزدىنىش ........ 40
ئەمىنلىك تارىخى ........ 51
19 ـ ئەسىردىكى «ئەلىشىر نەۋائىي» ........ 63
شائىرلىق پەرۋازلىرى ........ 73



ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net



**图书在版编目(CIP)数据**

穆萨·塞拉米/买合木提著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,
出版社,200?.5
(历史人物故事丛书. 第3辑)
ISBN 7—228—08012—2

Ⅰ. 穆… Ⅱ. 买… Ⅲ. 故事—中国—当代—维吾
尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 035671 号

责任编辑:阿迪力江·阿布都沙拉木
责任校对:阿斯亚·艾合买提
封面设计:穆拉丁·阿比迪


历史人物故事丛书 第3辑
(5)
历史的眼睛—**穆萨·塞拉米** (维吾尔文)

买合木提·穆罕买提 著


新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐天平印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 3.25 印张
2003 年 5 月第 1 版 2003 年 5 月第 1 次印刷
印数:[illegible]

ISBN 7—228—08012—2 套价(1—5):30.00 元
(单价:6.00 元)

# بالا موللا

مۇزات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى، چۆلتاغنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئەتراپى قاتمۇ قات تاغلار بىلەن ئورالغان ئورمانلىق، قەدىمىي گۈزەل ماكان — باي ناھىيىسىنىڭ باغرىغا يارىشىپ، سايرام رايون تەۋەلىكىدە ئانقىز يېزىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر بەرىكەتلىك ماكان جىلۋە قىلىپ ياتىدۇ.

مىلادىيە 1836 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئانقىز يېزىسىنىڭ توغايلا مەھەللىسىدىكى قىزىل ئۆرۈك، قىزىل سايۋا ئۈزۈملەر مولچىلىق نېئمىتى تۆكۈپ تۇرغان بىر مۆتىۋەر ھويلىسىدا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرىدىغان بىر ھاياتلىق كۈيى ياڭرىدى. ھويلا سۇپىسىدىكى گۈللۈك پالاس ئۈستىدە، قۇراق كۆرپىگە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان چىرايى پاكىز، ۋۇجۇدىدىن قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان تەقۋادار بىر ئادەم كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاق مۇنچاق تەسۋىرىنى جىددىيلەشكەندەك تېز ـ تېز سىرىغىنىچە توختاۋسىز پىچىرلاپ، يارانقان ئاللادىن ئاسانلىق ھەم ئاسايىشلىق تىلەيتتى. ئەنە شۇ ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ سەل دىڭلەشكەن يوغان قۇلاقلىرى نېرىدىكى ئۆيلەردىن چىقىۋاتقان ھەر بىر تىۋىشقا قادالغان بولۇپ، يىغا ئاۋازى چىقىشى بىلەن ساقاللىق چېھرىسىنى ئېيتقۇسىز بىر شادلىق تېزدىن چۇلغىۋالدى ـ دە، يەلكىلىرىنى تەۋرىتىپ «شۈكرى ئاللا،

يەر ھەمكۇ موللا!» دەپ ئالقانلىرىدا يۈزىنى سىيپىدى.

زامانىسىدا خېلى يۇقىرى دىنىي مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقى، بىر قاتار پەزىلەتلىرى تۈپەيلى سايرام رايونى بويىچە ئوقۇمۇشلۇق، ھۆرمەت ۋە ئابرويغا ئىگە خەلقپەرۋەر بۇ مۆتىۋەرنىڭ ئىسمى — شەرىپى موللا ئەيسا خوجا بىننى موللا ئېزىزخان خوجا بولۇپ، خاسىيەتلىك جامادىيەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ قۇتلۇق كۈنىدە ئۇنىڭ قەلبىگە شۈكۈر ۋە شادىمانلىق سېزىمىنى ئاتا قىلىپ، ئاڭلانغان ھاياتلىق قوڭغۇرىقى - يىغا، دەل ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى موللا مۇسانىڭ تىرىكلىك ئالىمىگە يوللىغان ئەڭ ئىلىك جاكاسى ئىدى. شۆھرەتلىك قىزىل مىڭ ئۆيلىرىگە ئاشىيان بولغان، باي دىيارىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ بوۋاق - كەلگۈسىدىكى ئىستېپداتلىق ئۇيغۇر ئالىمى، تارىخچىسى شۇنداقلا شائىرى موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى ئىدى.

چېۋەر باغۋەن ئۆزى تۇتقۇزغان مېۋىلىك كۆچەتلىرىگە قانداق مېھىر ۋە ئەجىر سىڭدۈرسە، موللا ئەيسامۇ ھاياتىغا ۋە ئائىلىسىگە چەكسىز يېڭىلىق، خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن ئارزۇلۇق پەرزەنتىنى ئۆز ئىلكىدىكى ئىلىم ۋە پەزىلەت بىلەن بالدۇرراق تەربىيىلەش، يېتىلدۈرۈشكە شۇنچىلىك ئاسقاتتى. تەلىيىگە پەرزەنتىمۇ تېتىك، ھوشيار بولۇپ ئۈلگىيىشقا باشلىدى. ئاتا تەربىيىسى، ئانا ئارمانلىرى گۆدەك موللا مۇسانىڭ ۋۇجۇدىدا يۇمرانلىقىدىن تارتىپلا كۆكلەشكە باشلىدى. بالىنىڭ زېھنى ئوچۇق، تىلى چۈچۈك، ھەرىكەتلىرى راۋان ئىدى. ئۆز يېشىدىكىلەر خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن نەرسىلەرگە، ئىشلارغا قىزىقاتتى، سورايتتى، بىلگۈسى كېلەتتى. بۇ ھالدىن موللا ئەيسانىڭ قەلبى



ئېيتقۇسىز شادلىققا چۆمەتتى. بالا ئالتە يېشىدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىش سايرام مەدرىسىنىڭ بۇ مۇدەررىسىنىڭ يادىدىن ئەسلا كۆتۈرەلمەس ئىدى. موللا ئەيسا بىر قېتىم دەرسخانىدا ھەزرەت نەۋائىينىڭ «غارايىبۇسسىغەر» دېۋانىنى بىر نەقىل تۈپەيلى ئىشلەتمەكچى بولۇپ، ئەتىگەن ئۆيدىن ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن بىر مۇنچە كىتابلار ئارىسىدىن ئىزلەپ تاپالمايدۇ - دە، ھەيرانلىق ۋە ئەنسىزلىككە چۆمىدۇ. ئارىلىقتا ئۇ مەدرىسىگە يېقىنلا يەردىكى ئۆيىگە چىقىپ، ئاجايىپ بىر ئىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشىدۇ. كىچىككىنە مۇسا ھېچكىم يوق چەتتىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە، دېرىزە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ، دېرىزە تەكچىسىدە ئېچىقلىق قويۇلغان نەۋائىي ئەسىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

بالا يەتتە ياشقا ئەمدىلا كىرگەن يىلى موللا ئەيسا مۇسۇر① نى ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان سايرام مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەردى. چېچەن ئوغۇلنىڭ شۇ كۈنكى خۇشلۇقىنى ھېچبىر تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز. مېھرىبان ئانىسى تۈجۈپىلەپ تىكىپ بەرگەن كىچىككىنە جىلتا تۈن بويى ئۇنىڭ تەكىيىسىدىن ئورۇن ئېلىپ چىققانىدى.

سايرام مەدرىسىنىڭ توپا توزۇپ تۇرغان ھويلىسى، بىر نەچچە بالا قوشقوللاپ تۇتۇۋالغان قىسقا سۇپۇرگىلىرى يەرنى تازىمۇ ئىتتىك، بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك شىپىلدىتىپ سۇپۇرۇپ بارماقتا ئىدى. ئۇلاردىن سەل نېرىدا، ئەپلىك پەرىجىسىنىڭ ئۇزۇن پەشلىرىنى بېلىگە قىستۇرغان، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بالا ئېڭىشىپ،

① مۇسۇر — موللا مۇسانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

تازىمۇ ئىخلاسى بىلەن قولىدىكى يوغان ئۆرىقتىن يەرگە سۇ سەپمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدا بىر نەچچە بالا ئويۇن بىلەن بەنت ئىدى.

— مۇسۇر، ھەي مۇسۇر، كەل تەپكۈچ ئوينايمىز، — ئويناۋاتقانلاردىن بىرى چۇقۇلدىدى. سۇ سېپىۋاتقان بالا قەددىنى رۇسلاپ ئۇياققا قارىدى — دە، بېشىنى چايقىدى. كېيىن قولىدىكى ئۆرىقنى تام تۈۋىگە قويۇپ، چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى چۈشۈرگىنىچە ئۇدۇل ساۋاقخانىغا يۈگۈردى. سەل ئۆتمەي ساۋاقخانىدىن نەيدەك ئىنچىكە ئاۋاز، مەشق ئاۋازى ياڭرىدى[1].

قىيامەت كۈنگە بىر كۈنى سابا بىلەن بارىمىز…

ئۆمۈر دەرياسىنىڭ توختىماس سۈيى شاھىنىمۇ، گادايىنىمۇ، چوڭىنىمۇ، كىچىكىنىمۇ ئوخشاش سۈرئەتتە ئۆز قېنىدا ئېقىتىپ بارماقتا ئىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە توغايلا مەھەللىسىدە قىزىل سايۋا ئۈزۈم يەنە ئۈچ قېتىم پىشىپ ـ تۈگەپ ئۈلگۈردى. موللا ئەيسا يەنە پەرزەنتلىك بولدى. تۇنجى يۈرەك پارىسى موللا مۇسا ئەمدىلىكتە مەھەللىدىكىلەر ۋە ھەمساۋاقلارنىڭ زوقلىنىپ، ئەركىلىتىپ، ئىپتىخارلىنىپ «بالا موللا» «موللا ئەبجەدخان» دەپ چاقىرىشلىرىغا سازاۋەر، بىلىمدان ۋە تېخىمۇ ئوماق بالا بوپقالغانىدى. ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرى ۋە ئەھلى ئىلىم ئاتىسىنىڭ تەربىيەتلىرى گۆدەك قەلبىگە، ۋۇجۇدىغا شۇ قەدەر ئوڭۇشلۇق سىڭىپ باراتتىكى، بۇ خۇددى. ئەجىر قىلغان دېھقاننى كۈزدە سۆيۈندۈرگەن مۇنبەت تۇپراققا ئوخشايتتى. موللا مۇسا بۇ كەملەردە ھەپتىيەكنى

[1] سوپى ئاللا ياردىن



ھەمساۋاقلىرىدىن ھەم بالدۇر، ھەم پۇختا ئىگىلەپلا قالماستىن، نەۋائىنىڭ، سوپى ئاللا يارنىڭ كۆپ نەزم، يازمىلىرىنى يادقا ئوقۇيالايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. بالىنىڭ چاقناق كۆزلىرىگە كىچىكىدىنلا بىر پۈتمەس مۇڭ خىيال ئەلەڭگۈسى يوشۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى كۆپ ئىدى. يول يۈرسىمۇ، تاماق يېسىمۇ، ھەتتا دەرسخانىدىمۇ خىيالغا كېتەتتى. گۆدەكنىڭ يۈرىكىنى جىمىرچان سېزىم، دەردلىك بىر تۇيغۇلارغا بۆلەپ، كىچىككىنە تۇرۇپلا ئۇنى ھايات، يارىلىش ـ يوقىلىش ۋە كائىنات سىرلىرىغا مەپتۇن قىلغان بۇ سەۋدا ئۇنۇمسىز قالماس ئەلۋەتتە.

كىچىككىنە موللا مۇسانىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇ ئىدىكى، بالا ھە دېمەيلا تولىمۇ خۇش خەت بولۇپ چىقتى. موللا ئەيسامۇ نۆۋىتىدە، زامانىسىدا خۇش خەت ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆز ئەجرى، ئارزۇسىنىڭ مېۋىسى بولغان تۇنجى ئوغلىنىڭ چىرايلىق ھۆسنخېتىگە ھەرقېتىم قارىغىنىدا كۆڭلىنى بىر خىل سۆيۈنۈش ۋە مەمنۇنىيەت چۇلغىۋالاتتى. بالا زور ئىشتىياق ۋە قەتئىيلىك بىلەن كلاسسىكلار غەزەللىرىدىن نەمۇنىلەرنى ئاق سۈت قەغەزگە ھەرخىل نۇسخىلاردا يېزىپ پۈتتۈرگىنىدە، ئاتا بۇ يازمىلارغا گۈلشەندىكى چىرايلىق خۇش پۇراق گۈللەرگە باققاندەك ئۇزاققىچە تاماشا قىلىپ، ماختىنىش ئىلكىدە بۇ كۆچۈرۈلمىلەرنى ئۆيىنىڭ كۆرۈنەرلىك يەرلىرىگە چاپلاپ قوياتتى. توغايلىقلار ئەسلىدە پات ـ پاتلا ئۆزلىرى ھاجەت بولۇپ قالغان ھەرخىل سالامنامە، ھۆججەت پۈتۈكلەر توغرىسىدا مۇدەررىس موللا ئەيسانى ئىززەت ۋە قورۇنۇش ئىلكىدە ئىزدەپ كېلىشەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار بۇ

ئېھتىياجلىرى تۇپەيلى زوقلىنىش، ئىشەنچ تۇيغۇلىرى بىلەن «بالا موللا» نى تاپىدىغان ۋە ئورۇنلانغان ھاجەتلىرىنىڭ ھەقىقىي خۇشاللىقى سۈپىتىدە كىچىككىنە موللا مۇساغا تەشەككۇرلەر بايان قىلىپ، ئۆيلەردە، پاراڭ سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدىغان بولدى.

1847 - يىلى 9 - ئاي، ئەمدىلا 11 ياشقا قەدەم قويغان موللا مۇسا مەدرىسىنىڭ باشلانغۇچ مەلۇماتىنى تولىمۇ نەتىجىلىك ھالدا ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ، پەرزەنتىنىڭ ئىلىم يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە كۆڭلىدە قايىل ۋە خۇشال بولغان ئاتىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىلىم تەھسىلىنىڭ ئىككىنچى سەپىرىنى باشلىدى. موللا ئەيسا ئوغلى موللا مۇسانى ئەينى زاماندا يەتتە شەھەر بويىچە چوڭ ئوقۇتۇش يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان قەدىمىي كۇچادىكى «ساقساق» مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەردى. مەزكۇر مەدرىسىدە مەرىپەتپەرۋەر، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئالىمى موللا ئوسمان ئاخۇنۇم مۇدەررىسلىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇ زات موللا ئەيسانىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئىلىمگە، تارىخقا ئىشتىياق باغلىغان، خىيالچان، تەپەككۇرى ئۇچۇق موللا مۇسا تېز ئارىدىلا موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ دىتىغا يېقىپ قالدى. موللا ئەيسامۇ ھاياتلىقتا ئۆزى ئادا قىلالمىغان ۋە يېتەلمىگەن ئىلىم تەھسىلى ۋە ئىلمىي يۈكسىلىشلەرگە نىسبەتەن زور ئۈمىدنى زور ئىشەنچ بىلەن باغلىغان، ئىستىقباللىق پەرزەنتىنى كۆڭلىدىكىدەك ئۇستازغا تاپشۇرغانلىقىدىن تولىمۇ قانائەتلىنىپ، پەيدەك يەڭگىل كەيپىياتتا سايرامغا، ئۆز مۇدەررىسلىكىگە قايتتى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا موللا مۇسانىڭ ھەر تەرەپلىمە



ئەھۋالىدىن ئۈزۈلدۈرمەي خەۋەر ئېلىپ تۇردى. موللا مۇسا يېڭى ئىلىمگاھى — ساقساق مەدرىسىدە تېخىمۇ زور ئىشتىياق ۋە ئىجتىھات بىلەن ئىلىم - پەننىڭ تېخىمۇ يۈكسەك چوققىلىرىغا قونۇش ئۈچۈن قانات كەردى. موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ تەربىيىسىدە ئۇ كۈنلەرنى ئايلارغا، ئايلارنى يىللارغا ئۇلاپ قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، گراماتىكا، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىللە، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، تېز ئارىدىلا كۇچا بويىچە شۆھرەت قازىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلدى. بىر قېتىم موللا ئوسمان ئاخۇنۇم شاگىرتىنى ئالاھىدە ھالدا ئۇنىڭ ياتاق ھۇجرىسىغا يوقلاپ كىرىپ (بۇنداق شەرەپ تالىپ ئىلىملار ئۈچۈن ئاسانلىقچە نېسىپ بولمايتتى) موللا مۇسانىڭ ئىلىم تەھسىلى يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەنلىكىنى ھاياجان بىلەن ئىزھار قىلدى، ئۇنىڭ غايىلىك بۇ شاگىرتى بىلەن ئۇزاق سۆھبەت قۇرۇشى، ياش يىگىتنىڭ كېلەچەك ئارزۇلىرى ھەققىدە دېرەكلىگەنىدى.

— بىر تەلەپ، ئىلىم ئەھلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوغلۇم، سىزنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى، يەنى زوقى — مەيلىڭىزنى ئۆزىگە ئەڭ تارتىدىغىنى نېمىدۇر ئوغلۇم؟

موللا مۇسانىڭ چاقناپ تۇرغان، ئەمما خىيالچان كۆزلىرى ئاتا سۈپەتلىك بۇ بىلىمدان ئۇستازىغا ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش بىلەن تىكىلدى. يەرگە، يېنىغىلا قاتار دەستىلەنگەن كونا مۇقاۋىلىق كىتابلار ئارىسىدىن بىرىنى ئىختىيارسىز ھالدا سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە مېھىر بىلەن بۇ كەڭ

كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىنى سىلىدى. موللا ئوسمان ئاخۇنۇم يىگىتنىڭ قولىدىكى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» كىتابىغا قارىدىيۇ، ھەممىنى چۈشەندى. يىگىت دەرس ئارىلىقلىرىدا ھەمىشە تارىخ ۋە تارىخىي قىسسەلەر، تارىخىي زاتلار توغرىسىدا تولا سوئال سورايتتى.

— تارىختىن خەۋەردار بولماق تولىمۇ ساۋابلىق ئىش ئوغلۇم، — دېدى موللا ئوسمان ئاخۇنۇم ئىلىم - ھېكمەت بىلەن تولغان، قاردەك ئاق سەللىلىك بېشىنى ۋەزمىن لىڭشىتىپ، — ۋاللاھۇ ئەلەم، ئۆزىنى بىلمىگەن، ئۆزگىنىمۇ بىلمەيدۇ. تارىختىن خەۋەردار بولۇش ئىستىكى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۆز دىيارى، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى خۇسۇسىدا ئىلمىي ئىزدىنىشلەر بىلەن مەشغۇل بولماقنى ئىستىمەك بولسا، تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىشتۇر. مۇبادا سىزدە بۇ ماۋزۇدا ئەجىر ئەتمەككە ئىشتىياق ۋە ئىستەك بولسا، كەمىنە ئۇستازىڭىز، كەم كۆرمىسىڭىز ئەلھەمدۇلىللا قولدىن كەلگەن خۇسۇمىتىمنى ئايىماسمەن ۋە ھەم مۇبادا ئاللا - تائاللا سىزنى شۇ خەيرلىك ئەمگەككە مەقبۇل كۆرۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تارىخىي سەھىپىلىرىمىزنىڭ ئاق ۋاراقلىرىنى زىننەتلەشكە تۇتۇش قىلىپ قالسىڭىز، ھەزرەت مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر①، شاھ مەھمۇد جۇراس② قەشقەرىلەر③ نىڭ روھى سىزنى يار قىلغاي!

ئۇستازنىڭ پاساھەتلىك ھەمدە كۆيۈمچان سۆزلىرى رېئاللىق ئالىمىگە ئەمدىلا سوئاللىق كۆزلىرى بىلەن بېقىپ،

① تارىخچى، شائىر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى.
② ③ مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە شائىرلىرى.



ھايات سىرلىرىنى تەكتىدىن قېزىش ئىستىكىگە ھاياجانلىق، شېئىرىي تۇيغۇلار بىلەن بېرىلىۋاتقان يىگىتكە چەكسىز ئىلھام ۋە سۆيۈنۈش ئاتا قىلدى. ئۇ ئۇستازنىڭ ھېسسىياتلىق، ئۇزۇن سۆزلىرى ئاخىرلاشقاندا جاۋاب ۋە رەھمەت ئورنىدا چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇستاز مېھرى بىلەن ئۇنى قوش قوللاپ شەرەتلىگىنىچە ئورنىدا ياندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى ۋە يېنىدا تۇرغان كىتاب دەستىدىن يەنە بىر كىتابنى، نەۋائىينىڭ «چاھار دىۋان» نى ئالدى:

— شۇ نەرسە نەزەرىڭىزدىن ساقىت بولمىسۇنكى ئوغلۇم، تارىخ بىلەن شېئىرىيەت چىداملىق، پەرۋازكار بىر قۇشنىڭ ئىككى قانىتىدۇر. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئۆزئارا ھەمدەملىشەلەيدۇ. يۇقىرىدا مەن مۇبارەك ناملىرىنى زىكرى قىلغان بىر نەچچە زات دەل شۇ ئىككى قاناتقا ئىگە لاچىنلاردىن ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئىلىم ئاسمىنىدىكى پەرۋازى سىزگە سىر ئەمەس. قولۇمدىكى بۇ ئالەمشۇمۇل دەستۇرنىڭ مۇئەللىپى مەن ھەم سىزنىڭ بۈيۈك ئۇستازى بولمىش ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىيمۇ مەن ئېيتقان ئاشۇ زەبەردەست ئىككى قاناتقا ئىگە جەسۇر بۈركۈتتۇر…

موللا مۇسا ئۇستازىنىڭ ئاغزىغا مەپتۇنلارچە تىكىلىپ قاراپلا قالغانىدى. ئۇيچان كۆزلىرىدە ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— كەمىنەدىن خۇلاسە كالام شۇلدۇركى، سىز ھەممىدىن كۆپرەك ئۇستاز نەۋائىدىن ئۆگىنىڭ ھەم تارىخچى، ھەم شائىر بولۇڭ، سىزدە شائىرانە تۇيغۇلار كەمچىل ئەمەس. ئىنشائاللا، بەسساۋاب! — موللا ئوسمان

ئاخۇنۇم گېپىنى شۇنداق تۈگەتتى ـ دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

مەرپەتلىك ئۇستازنىڭ ئاتا يوللۇق نەسىھەتلىرى ياش موللا مۇسانى نەچچە كۈنگىچە ئۇيقۇدىن بىدار قىلىۋەتتى.



## سودىگەرنى ئەدەپلەش

ئەينى چاغدىكى ھەرقانداق مەدرىسە، ھەرقانداق بىلىم يۇرتلىرىدىكى تالىپ ئىلىملار، خەلپەتلەرنىڭ تۇرمۇش مەئىشەت قىيىنچىلىقلىرى ئۇلارنىڭ بىلىم ئىزدەش يولىدىكى ئەڭ زور توسالغۇ بولۇپ، كۇچا دىيارىدىكى «ساقساق» مەدرىسىدىكى تالىپلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

ئەينى زاماندا كۇچادىكى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش روزىغارى ئىنتايىن مۈشكۈلچىلىكتە ئۆتۈپلا قالماي، بەلكى ئىلىم ئەھلىنىڭ ھال كۈنىمۇ ئوخشاشلا سېرىقتال ھالەتتە ئىدى. موللا ئوسمان ئاخۇنۇم ھەر تەرەپلىمە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، ئىلغار پىكىرلىك خەلقپەرۋەر زات بولۇش بىلەن بىللە، كۈندىلىك تۇرمۇشتا باياشات ئائىلىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەر دائىم موللا مۇسا قاتارلىق ئۆز شاگىرتلىرىغا قانائەتنى، موھتاجلىقتا ئۆمۈر سۈرۈشنىڭ ئىككىنچى ئىبادەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى. «ساقساق» مەدرىسىدىكى تالىپلارنىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولالمايتتى. بۇ جەھەتتە، بولۇپمۇ موللا مۇسا مۇشۇنداق ئىدى. بىر تەرەپتىن ئۇ ئاتىسى موللا ئەيسانى، ئەزىز ئانىسىنى تولىمۇ ئايايتتى. كېيىنكى يىللاردا موللا ئەيسا ئائىلىسى جان سانى

كۆپ بىر ئائىلىگە ئايلانغان، مېھرىبان قوۋۋەتلىك ئاتا بولسا ئەمدىلىكتە كۆچىدىن بارا - بارا سولغان، ھويلىسىدىكى قىزىل ئۆرۈك، قىزىل سايۋا ئۈزۈملىرىمۇ ئەمدىلىكتە ئىلگىرىكىدەك مېۋىلەر بەرمەس بوپقالغانىدى. زېرەك ھەم كۆيۈمچان موللا مۇسا ئائىلىسىگە ئارتۇقچە يۈك ئارتىشنى ئەسلا خالىمايتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا موللا مۇسا غەنىيمەت ياشلىق مەزگىلى، مەدرىسىدىكى تالىپلىق ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەتراپلىق، كۆپرەك بىلىم ئىگىلىۋېلىش، ئۇستازىنىڭ ئۈنتۈلماس نەسىھىتى بىلەن ئىككى قاناتلىق قۇشقا ئايلىنىش ئىزگۇ ئىستىكىدە، شۇ زاماندا كۇچادىكى داڭلىق موللا سانالغان ئاللا يار ئاخۇنۇمدىنمۇ دەرس ئېلىپ يۈرەتتى. ئوغلىنىڭ ئىلىم يولىدىكى ماتانىتىدىن سۆيۈنگەن ۋە قوش قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن موللا ئەيسا ئۆزى يېمەي - ئىچمەي، پەرزەنتلىرىنى ئاچ - توق قويۇپ بولسىمۇ موللا مۇساغا ئىلىم بېرىۋاتقان موللا ئوسمان ئاخۇنۇم، موللا ئاللايارلارنىڭ ئۇستازلىق ھەققىنى ۋاقتى - قەرەلىدە، ئىمكانچە تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى. موللا مۇسا (كېيىنچە موللا مۇسا سايرامى نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن بۇ ئەدىب) موللا ئەيسا ئائىلىسىنىڭ شۆھرىتى، ماختىنىشى ئىدى. دەرۋەقە موللا مۇسانىڭ سايرام تۇغايلا مەھەللىسىدە قالغان ئاتا - ئانىسى، خۇسۇسەن ئىسلام ئاخۇن، قاسىم، ئىبلاخۇن قاتارلىق قېرىنداشلىرى ئۆز يۇرتلىرىدىن چىقماي، تېرىقچىلىق ۋە كۈندىلىك ئاددىي مەئىشەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن ئاددىي ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى، شۇ جۈملىدىن بۆلەك يېقىن يۇرتلۇقلار، مەھەللىداشلار موللا مۇسا بىلەن پەخىرلىنەتتى



ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ بۈيۈك شوتىلارغا ئاياغ بېسىشىنى چىن دىللار بىلەن ئاللادىن تىلەيتتى.

موللا مۇسانىڭ «ساقساق» مەدرىسىدە جاپالىق ئىلىم تەھسىل قىلغان يىللىرىنى بىلىمگە موھتاجلىق، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىگە قانائەتچانلىق پەزىلىتى بىلەن جاپاغا چىداپ ئۆتكۈزدى. تالىپلىق سۇپىتى بىلەن ئۇ دەرسلەردىن سىرت ھەرخىل جىسمانىي ئەمگەكلەرگە قول ئۇرۇپ تۇراتتى. مەدرىسىنىڭ ھەرخىل تازىلىق سىپلىقلىرى، ئۇستازلىرىنىڭ ئىش - كۈشلىرىدىن باشقا، تۇرمۇش غۇربەتچىلىكىنى يېڭىش ئۈچۈن، ئارىلاپ، بولۇپمۇ جۈمە كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن رەستىگە چىقىپ، قارا كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئاز - تولا نان پۇلى، كىتاب پۇلى تېپىشقا تىرىشاتتى. خەلپەتلىك مەزگىللىرىدىلا ئىلىم خۇمارلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن كۇچا دائىرىسىدە شۆھرىتى چىققان موللا مۇسا، بۇ نام - شۆھرەتلەر تۈپەيلى جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشنى زادىلا ئېغىر ۋە نومۇس كۆرمەس ئىدى.

موللا مۇسا «ساقساق» مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى ۋە بۇ ۋەقە ئۇنىڭ نامىنىڭ تېخىمۇ شۆھرەت تېپىپ، جامائەتچىلىككە تونۇلۇشىغا يەنە بىر سەۋەب بولۇپ قالدى.

ئەينى زاماندا جەمئىيەتتىكى قول ئىلكىدە بارلاردىن بەزىلىرى ساۋاب تېپىش ئۈچۈن، يەنە بەزىلىرى ھەرخىل مۇددىئالار بىلەن مەدرىسە تالىپلىرىغا ئازدۇر - كۆپتۇر پۇل - پۇچەك، يېمەك - ئىچمەك «سەدىقە» قىلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم كۇچا دائىرىسىدە خېلى نامى بار بىر سودىگەر

«ساقساق» مەدرىسىگە كېلىپ، تالىپلارغا ئاز - تولا «سەدىقە» تارقاتتى. دەل شۇ كۈنى موللا مۇسا بىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى كوچادا يوق ئىدى. مەدرىسىدە بار بولغان تالىپلار بۆلۈشىپ - تالىشىپ سەدىقىنى بۆلۈشۈۋالدى ۋە تەكەببۇر سودىگەرنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىگە دۇئالار قىلىشتى.

ئىش - كۈشلىرىنى پۈتتۈرگەن موللا مۇسا ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن مەدرىسىگە قايتىپ كەلدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا، ئۇ يوق چاغدا بولغان ئىشنى، سودىگەرنىڭ خەير - ئېھسان تارقاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتى. شۇ كۈنلەردە مەدرىسىدىكى تالىپلار ئومۇمىيۈزلۈك قىيىنچىلىق مەزگىلىدە تۇرىۋاتقان بولۇپ، موللا مۇسامۇ دەل قورساق كويىدا سىرتقا چىقىپ، نەتىجىسىز يېنىپ كەلگەنىدى. ساۋاقداش تالىپلار ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بىلگەچكە، موللا مۇسانى بايىقى خەيرچىنى ئىزدەپ بېرىپ بېقىشقا سۈيلەپ، سودىگەرگە ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئاز بولسىمۇ بىرەر نەرسە بەرسە، تۇرمۇشىغا سەرپ ئېتىشنى تەۋسىيە قىلىشتى. تەڭقىسلىقتا ئۇزاق گۆلەڭگۈچ ئۇچقان موللا مۇسا ئاخىر تالىپ بۇرادەرلىرىنىڭ زورىدىن سودىگەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەھۋال ئېيتىپ بېقىشنى قارار قىلدى. نەچچە كۈن ئىلگىرى خەير - ئېھسان ئالغان، سودىگەرنىڭ تۇرار جايىنى بىلىدىغان بىر يېقىن ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

ئىككى خەلپەت بىر نەچچە كوچىلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ، بىر مەھەللىدىكى خېلىلا ھەشەمەتلىك بىر قورۇغا كىرىپ باردى. خىزمەتكار ئىككى ياش موللىنىڭ مۇددىئايىنى



ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارنى خوجايىنىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى.

ئىرانى گىلەم ئۈستىدە ئىغىناپ ياتقان سودىگەر ئىككى نامرات تالىپنى كۆرۈپ تىكىلەندى - دە، ئۇلارنىڭ سالىمىنى باش قىمىرلىتىپ ئىلىك ئېلىپ، موللا مۇساغا ئېرىنچەكلىك بىلەن قارىدى:

— ھە، كېلىڭ خەلپەت بۇياققا كەپقاپسىز. بىرەر ئىشقا كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

سودىگەرنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ تالىپلارنىڭ زورى بىلەن كېلىپ قالغىنىغا ئاللىقاچان پۇشايمان قىلىپ بولغان يۈزى تۆۋەن موللا مۇسا ئاماللىسىز دۇدۇقلاپ، تەرلەپ - پىشىپ كېلىش مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن سودىگەر مەسخىرىلىك ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى - دە، كۆرەڭلىك بىلەن:

— بېرىدىغان سەدىقىمىز تۈگەپ قالدى، سىز كېچىكىپ قاپسىز، كىلەر يىلى كېلىڭ - ھە! — دېدى - دە، كېلەڭسىز بەستىنى گىلەمگە تاشلىدى.

خورلۇقتىن دىلى قاتتىق ئازار يېگەن موللا مۇسانىڭ كۆزىگە ئوت تىقىلغاندەك بولدى، ھەمراھىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۇچقاندەك تېزلىكتە كوچىغا چىقتى. ئەقىللىق ئىستىقباللىق ساۋاقدىشى ئۇچۇن تەڭلا غەزەپلەنگەن ھېلىقى تالىپ بالىمۇ قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ، موللا مۇساغا يېتىشتى - دە، ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەپ تەسەللى بەردى. موللا مۇسا بولسا ھامان ئۈنچىقمايتتى، كاللىسىدا پىكىرلەر ۋاژىلداپ قاينايتتى. ھەمراھى شۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان مۇنۇ مىسرالارنى ئاڭلاپ قالدى.

نېچۈن شۇنچە سېنىڭ ئەلگە ئازارىڭ،
ۋەنە تۇپەيلى ئىدۇر، ئىپتىخارىڭ؟

مۇللا مۇسا شۇ ماڭغىنىچە مەدرىسە ياققىمۇ بۇرۇلمىدى. ئۇدۇل بازار تەرەپكە يول ئالدى. مېڭىپ - مېڭىپ بىر دۇكان ئالدىدا توختىدى. يېنىنى ئاختۇرۇپ بىر نەچچە پارچە يارماق چىقاردى - دە، دۇكانغا كىرىپ ئىككى تاختا سامان قەغىزى سېتىۋالدى. شۇندىلا ئۇنىڭ كەيپى بىر ئاز ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى - دە، يېنىدىكى ھەمراھىغا:

— قايتايلى، — دېدى.

ئەتىسى كۇچا بازىرىنىڭ ئەڭ قىزىيدىغان يېرى بىردىنلا تېخىمۇ قايناپ كەتتى. ئۆتكەن كەچكەن يولۇچىلار، تۇرمۇش غېمىدە ماللىرىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىققان باققاللار، ناۋايلار، چاقچىلار، ئەسكى - تۈسكىچىلەر، ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ رەستىدىن بىپەرۋا ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بايۋەچچىلەر، چۇمبەللىك مەزلۇملار، ھەيۋەتچان ياساۋۇللار، گېدەيگەن بايلار، ھەممىسىلا رەستىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك يېرىگە چاپلاپ قويۇلغان، سامان قەغەزگە ئادەم قاراپ ئولتۇرغۇدەك خۇش خەت بىلەن يېزىلغان تىلى ئاجايىپ ئۆتكۈر ھەجۋىسى قىيامىغا يەتكەن نەزمىنى ئوقۇشاتتى، خەت تونۇمايدىغانلارغا، باشقىلار ئوقۇپ بېرىشەتتى، قاھ - قاقاھلاپ، يوتىلىرىغا، مەيدىلىرىگە شاقىلدىتىپ، ئۆرۈشۈپ كۈلۈشەتتى، كىملەردۇر سامان قەغەزلەرنى قاتلاپ تىزلىرىغا، بىرۇنىڭ دۇمبىلىرىگە قويۇۋېلىپ، نەزمىنى كۆچۈرۈشەتتى. كۆرەڭ سودىگەرنىڭ رەزىللىكىنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سۆككەن بۇ غەزەلنىڭ داڭقى شۇ كۈنىلا



يىراق - يىراقلارغا، مەھەللە - مەھەللىلەرگە تارقالدى. ئېغىزلاردا كۈنلەر يادلىنىپ يۈردى.

ئىككى كۈندىن كېيىن چىرايىنىڭ خۇنى يوقالغان، ئىرانى گىلەمگە يانپاشلىغان چاغدىكى كۆرەڭلىكىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان ھېلىقى باي سودىگەر مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم «ساقساق» مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىككى خىزمەتكار يوغان پەتنۇسقا لىق سوۋغا - سالام تىزىپ كۆتۈرگەن پېتى يورغىلاپ كېلىۋاتاتتى.

بىرسى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، موللا مۇسانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى. چۈشلۈك ئارامىنى ئېلىۋاتقان موللا مۇسا چالا ئۇيقۇدىن تۇرۇپ، ھۇجرا ئىشىكىنى ئاچتى. تاشقىرىدا بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھېلىقى سودىگەر تۇراتتى. ئۇ موللا مۇسانى كۆرۈپلا، قول باغلاپ يادەك ئېگىلدى.

— خوجام مېنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن بولسىلا!

... كېچە خىياللىرى تاڭ شەپىقىدەك بارغانسېرى يورۇپ كېلىۋاتقان ئەمدىلا 17 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان موللا مۇسا قاتتىق سامان تەكىينىڭ ئۇستىگە ئالىقانلىرىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېشىنى قويغىنىچە قاراڭغۇ تۇرۇسقا تىكىلىپ يېتىپ، بىرى - بىرىدىن يورۇق پىكىرلەرنى سۈرمەكتە ئىدى.

— «بىراۋنىڭ ئالدىغا تەمە بىلەن بېرىشىم ئەڭ تۇنجى ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولسۇن».

— «ئۇستازىمنىڭ سۆزى توغرا، ئىلىم كۆكىدە قانات قېقىش ئۈچۈن مۇستەھكەم قوش قانات بولمىقى لازىم. بۇ

يولدا تەھسىلنى كۆچەيتىپ، تەپەككۇرنى ئاشۇرۇپ، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر شاھ ئەھمەت جوراس، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىلەرنى ئۈلگە قىلمىقىم؛ روھىي نۇرانە ئەلىشىر نەۋائىنى چىن قەلبىمدىن ئۇستاز قىلمىقىم لازىمدۇر». — «ئاھ سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانا، سىلەر پەرزەنتىڭلارغا ھاياتلا ئەمەس، بەلكى قانات ئاتا قىلىدىغان ئەڭ قەدىردان پەدەرىم، مۇرەببىيمىسىلەر».

— «ئۇخلاپ قالاي، ئەتە تېخىمۇ ھوشلۇق، بەردەم تۇرۇشۇم ئۈچۈن ئارام ئالاي...».



# سايرامدىكى ياش مۇدەررىس

مىلادىيە 1854 ـ يىلى «ساقساق» مەدرىسىنى يۇقىرى نەتىجە بىلەن تۈگەتكەن موللا مۇسا ياشلىق كۈچى ۋە ئوتى بىلەن تاشقىنلاپ تۇرغان يۈرىكىدە ئارمانلار ۋە ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىغا، يۇرتداشلىرىغا، خۇللاس، سۆيۈملۈك يۇرتى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام دىيارىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئېلىپ، ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى.

موللا مۇسانىڭ ئۆز قەدىم جايىغا قايتىپ كېلىشى يۇرتداشلىرى، مەھەللىدىكىلەرنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىۋەتتى. ياش ھەم مول بىلىملىك بولغان، ئالغان بىلىمى، يەتكەن كامالىتى ئۈچۈن سايرام مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلەنگەن موللا مۇسانىڭ ئالقانلىرى قولدىن ـ قوللارغا، ئۆزى سورۇندىن ـ سورۇنلارغا ئۆتتى، ئالماشتى. موللا ئەيسا قېرىپ قالغانىدى. لېكىن، قىران ئوغلىنىڭ خاسىيىتىدىن ياشاردى، مېھرىبان ئانا پەرزەنتلەر خىزمىتى، تۇنجى ئوغۇلنىڭ ئايرىلىش پىراقىدا سەل مۈكچەيگەنىدى. ئەمما، دانىشمەن يۈرەك پارىسىنى باغرىغا باسقىنىدا قەددى ئېلىپتەك تۈزلىنىپ قالدى. موللا مۇسانىڭ ئارقىسىدىن بەس ـ بەستە ئۆسۈپ يېتىلگەن، توغايلادا دېھقانچىلىق، ئوقەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەقدىر قىسمەتلىرى قارار تاپقان قېرىنداشلار، شوخ سىڭىل ـ ئىنىلار ھويلىدىكى قىزىل ئۆرۈكلەردەك چاقناپ كېتىشتى.

توغايلانىڭ تارتىنچاق، گۈزەل ۋە ھۆجرىلىرىغا مەھكۇم قىزلىرى زىبا قامەتلىك ياش مۇدەررىس ھەققىدە تاتلىق خىياللار سۈرۈشتى.

ياش يۈرىكى ئىلىم ۋە قايناق ئارمانلار بىلەن تولۇپ تاشقان موللا مۇسا سايرام مەدرىسىدە خاسىيەتلىك كەسىپ ـ ئىلىم تەلەبەلىرىنى تەربىيىلەش، مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

ئۆز ۋاقتىدا سايرام مەدرىسىمۇ خېلى چوڭ، داڭلىق مەدرىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىن ئۈزۈلمەي تالىپلار كېلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. سايرام ئۆزى كىچىك يۇرت بولسىمۇ، زامانىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەر، كۇچا قاتارلىق يەتتە شەھەردىن قالسىلا خېلى نامى بار، ئىلىم ئەھلىلىرى توپلاشقان ھەمدە يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، كىشىلەر ئاغزىدا شەھەر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان جاي ئىدى. شۇڭا، سايرامنىڭ نامى ھەرقاچان بايدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىناتتى. دەرۋەقە، ھازىرمۇ سايرام ۋە سايرامغا قوشنا يېزىلارنىڭ كىشىلىرى باي ناھىيە بازىرىنى باي بازىرى، سايرامنى سايرام شەھىرى دەپ ئاتىشىپ قويىدۇ. بۇنىڭغا بەلكىم ئەينى ۋاقىتلاردا سايرام ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاقسۇ، كۇچا ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش مەرتىۋىدە بولغانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. بۇ توغرىدا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا زىكرىمىزدىكى يېتۈك ئالىم موللا مۇسا سايرامى مۇنداق دەپ يازغانىدى: «... خاقانى چىن مەنسەپدارلىرى ئەمىرلەر ئۇرۇقىدىن بولغان بىر كىشىدىن، بۇ ئادەملەرنى (سايراملىقلارنى دېمەكچى. ئاپتور) قانداق قىلسا، ئۇلار



خانغا تەۋە بولۇپ خىزمىتىنى قىلىدۇ، دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: بۇ ئادەملەر مېنىڭ سۆز، بۇيرۇقىمدىن چىقمايدۇ. ماڭا چوڭ مەنسەپ بەرسەڭلار، مەن ئۇلارنى ئۇلۇغ خانغا تەۋە قىلىپ بېرەي» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقانى چىن مەنسەپدارلىرى بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، خانغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇ، كۇچانىڭ ھاكىملىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئۈچىنچى جەرەكەلىك مەنسەپ بېرىپتۇ. شۇڭلاشقا، سايرامنىڭ ھاكىملىرى بۇرۇندىنلا ئاقسۇ، كۇچانىڭ ھاكىملىرى بىلەن جەرەكە ۋە مەرتىۋىدە باراۋەر ئىدى. لېكىن، ئۇلارغا قارىغاندا پۇقرالىرى ئاز ۋە يۇرتى كىچىك ئىدى.

نۆۋىتى كەلگەندە «سايرام» دېگەن نام ۋە موللا مۇسانىڭ «سايرامى» دەپ ئاتىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ كېتەيلى: بۇ ھەققىدە «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق شاھانە ئەسەردە مۇنداق دېرەكلەر بار: «... قۇنتەيجى ... سايرامغا يېتىپ بېرىپ، بۇ جاينى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋېلىپ، بىرنەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، تالان ـ تاراج قىلىپتۇ. بۇ چاغدا سايرام ئەھلى خوجا ئۇرۇقى، شاھ ئۇرۇقى، ئەمىر ئۇرۇقى دەپ ئۈچ قەبىلە ياكى ئۈچ ئۇرۇقتىن ئىبارەت ئىكەن. قۇنتەيجى بۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ئېسىل ۋە كاتتىلىرىنى تاللاپ، ھەر ئۇرۇقتىن 20 ئۆيلۈكتىن 60 ئۆيلۈك ئادەمنى ئەھلى ئاياللىرى ۋە بالا پەرزەنتلىرى بىلەن ئاق ئۆيلۈك قىلىپ كۆچۈرۈپ، ئۆز يۇرتى ئىلىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى بۇ جايدا بىر يىل ئەتراپىدا تۇرغۇزۇپ، ئاندىن تۇرپانغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار تۇرپاندا ئىككى يىلغىچە تۇرۇپتۇ. بۇ كۈنلەردە قۇنتەيجى

يوقلۇق ماكانىدىن ئورۇن ئېلىپتۇ ۋە خاقان لەشكەرلىرىنىڭ ئىلى بىلەن ئالتە شەھەرگە كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ 60 ئۆيلۈك ئادەم ئەمدى ئۆز يۇرتىمىزغا كەتسەك بولىدىكەن، دەپ ھەدىستە «ۋەتەننى سۆيۈش ئىماندىن» دەپ كۆرسىتىلگەندەك، ئۆز يۇرتىغا كېتىپ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا ئۇلىشىش ئۈچۈن تۇرپاندىن قوزغىلىپ مۇزداۋانغا كەلگەندە، چىن خاقانىنىڭ چېرىكلىرى ئۇچراپ، چېرىك بېشى كۆچمەنلەردىن «سىلەر نېمە ئادەم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار ئۆز قىسمەتلىرى، ئەرزى ـ ھالىنى بايان قىلىپتۇ. چېرىك بېشى شەپقەت يۈزىسىدىن «ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرى كەلدى، يوللار قالايمىقان، تىنچىپ بولغۇچە دېھقانچىلىق قىلىپ كۈن ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ سەۋەب كۆرسىتىپ ئۇلارنى، ياقىئېرىق دېگەن جايغا ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئۇلار بۇ يەردىمۇ بىر نەچچە يىل تۇرۇپ، ئاخىر باي تەۋەسىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپتۇ. بۇ يەردىمۇ بىر مەزگىل تۇرۇپ، يەنىلا كۆنەلمەي تاغ ئېغىزى ۋە كەڭرى جاي ئىكەن دەپ ئۇشبۇ سايرامغا كېلىپ توختاپ قاپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە تاشكەنتنىڭ سايرام دېگەن جايىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇلارنى «سايرامى» دەپ ئاتاپتۇ».

دەرۋەقە سايراملىق پېشقەدەملەر ھازىرغىچە: بىزنىڭ ئەسلىي يۇرتىمىز تاشكەنتنىڭ سايرامى، ھازىرقىسى بولسا كۆچكەن سايرام دېگەن گەپلەرنى قىلىپ قويىدۇ. ئالىم مۇشۇ ئەسىرىدە يەنە ئۆز نەسەبى ھەققىدە توختىلىپ، يەنە مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ: «. . . خوجا ئۇرۇقى دېگەنلەر ئۆزلىرىنى ئەلەۋىلەر يەنە ئەلى كىرە موللا ۋەجھۇ بىلەن



نەسەبلىشىش دەپ ھېسابلاپ، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بولىمىز دەپ پەخىرلىنىدۇ. كەمىنە مەنمۇ ئۇشبۇ ئۇرۇقتىن بولىمەن، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان خۇش مۇبارەك شەجەرە ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، مەن ئۇنى تەۋەررۇك قىلىپ ساقلىماقتىمەن.» «تارىخىي ھەمىدىي» دە قەيت قىلىنىشىچە، خوجا ئۇرۇقىغا بېرىلگەن ئالىي يارلىق نىشانى مىلادىيە 1538 ـ يىلى موللا مۇسا سايرامىنىڭ 12 ـ بوۋىسىغا بېرىلگەن بولۇپ، موللا مۇسا مۇشۇ ئەسەرنى يازغۇچە ئۇنى تەۋەررۇك قىلىپ ساقلاپ كەلگەن ۋە ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن.

يۇقىرىقى كىتابلاردىن كىتابخانلىرىمىز باي سايرامنىڭ ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئاتىلىش تارىخىنى، موللا مۇسانىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز ئەسەرلىرىگە «سايرامى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلىۋالدى.

ئەمدى ئەسلىي ماۋزۇغا قايتايلى:

شۇنداق قىلىپ موللا مۇسا ئۆز يۇرتىدا ئۆزى بىر چاغلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، جاھان ھېكمەتلىرى ۋە سىرلىرىدىن دەسلەپ خەۋەردار ۋە بەھرىمەن بولغان بىلىمنىڭ چوڭقۇر كانلىرىغا شوڭغۇپ، ئەقلىي كامىللىققا يۈزلىنىش، مەرىپەت بۇلاقلىرىدىن قانغۇچە شەربەت ئىچىش تەقەززاسىغا ئاساس سالغان سايرام مەدرىسىدە چىن ئىشتىياقى بىلەن شاگىرت تەربىيىلەش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. گەرچە «ساقساق» مەدرىسىدە نۇرغۇن بىلىم ھاسىل قىلغان ۋە نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاتىسى يەنىلا بىلىمدان ئۇستاز ۋە تەلەپچان پەدەر ئىدى. ئىسلام ئەركان، ئەھكاملىرىدىنمۇ،

ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ شانلىق دەستۇرلىرىدىنمۇ ئۇ ئاتا - ئانىغا ۋاپادارلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىشنىڭ، بىلىمگە نىسبەتەن تەلەپچان، كەمتەر بولماقنىڭ خىسلەتلىرىنى، قائىدە - مىزانلىرىنى ئۆگەنگەندى. ئاتىسى سۆزگە ئېغىز ئاچسا، ئۇ ئەدەپ بىلەن تىڭشايتتى. پەرزەنتلەر غېمىدە يىللارسىرى قەددى دال بولغان، قېرىغانسېرى كۆڭلى يۇمشاق، كۆزى ياشلىق بولۇپ قېلىۋاتقان موللا ئەيسا، ئوغلى موللا مۇسانىڭ نەۋقىران، پاكىز سۇمباتىغا كۆز سالغىنىدا، زوققا تولاتتى. ئۆزى ھاياتىدا يېتەلمىگەن ئىلمىي يۈكسەكلىرىگە ئوغلىنىڭ قەدەم يەتكۈزۈشىنى يارانقۇچىدىن تىلەيتتى. بۇ جەھەتتە ئانىنىڭ تىلەك، تۇيغۇلىرى ئاتىنىڭكىدىن كەم ئەمەس، ئۇ ئوخشاش پەرزەنتلەر ئارىسىدا موللا مۇساغا ئايرىمچە كۆيۈپ - پىشاتتى. سايراملىقلار ئارىسىدىمۇ موللا مۇسانىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى بۆلەكچە ئۈستۈن بولۇپ، بىلىملىك ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر كۆپ بولغان سايرامدىكى خەلق، موللا مۇسانىڭ ياپ - ياش تۇرۇپلا مۇدەررىسلىك لىياقىتىگە ئىگە بولغان، كۆزلىرى چاقناق، خىيالچان ۋە ئېغىر - بېسىق ئوغلىنى چىن دىللىرىدىن ھۆرمەت قىلىشاتتى ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەندەك پاراڭلىشاتتى. ئەلقىسسە، بىر بامدات نامىزىدىن كېيىن جامائەت ياش مۇدەررىسنى مېھرابقا تەكلىپ ئېتىشىپ، خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان بىر تىلەكلىرىنى ئىلتىجا قىلىپ بىرىشىنى موللا مۇسادىن سوراشتى. چوڭلار ئارىسىدا ھەم پەخىر، ھەم دەككە - دۈككە ئىچىدە ئولتۇرغان ئاتىسىدىن سەل - پەل ھېيىقىپ كۆڭلى لال بولغان موللا مۇسا ئاخىر بىردىن غەيرەتكە كەلدىيۇ،



شەرىئەت يولى ۋە تەرىقەت ئىنتىلىشلىرى ھەققىدە ئاجايىپ ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر، كالامۇ شەرىپ ۋە ھەدىس نەقىللىرى، دانالار ھۆكمەتلىرىنى جاي - جايىدا، ئاجايىپ چىۋەرلىك بىلەن تىلغا ئېلىپ ۋەزخانلىق قىلدى، تىڭشاپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆڭۈل بوستانلىرى ياش ئىزدەنگۈچىنىڭ پاساھەتلىك نۇتقىنىڭ مەيىن، خۇشبۇي شامالّلىرىدىن سەگىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە موللا مۇسانىڭ تەرىپىنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەي يۈرۈشتى. بۇ ئىش تۈپەيلى ھەممىدىنمۇ كۆپرەك ۋە بەتتەر ھاياجانلانغان، ماختانغان موللا ئەيسا شۇ كۈنى ئائىلە نەسەبنامىسى تىركەلگەن كونا مۇقاۋىلىق ئەپلىك دەپتەرنىڭ ئاق يېرىگە مۇنداق قۇرلارنى پۈتكەنىدى.

ئىبارا، كۆڭلۈمنى شاد ئەتتىڭ شۈكرى،
مەن پەقىر قولۇڭنى ياد ئەتتىڭ شۈكرى.
قېرىلىق بېغىمدا ئۈندى سەۋر نىھال،
قەددىدەك تىكلەندى قەددىم، ئەسلىي دال،
سولماسۇن ئوغلۇمنىڭ بۇلبۇل زەبانى،
ئەسلا كەم بولماغاي جىمى ئىمكانى. . .

تاڭ سەھەر، سايرام مەدرىسى ئەينى يىللىرىدىكى «بالا موللا»غا ئوخشاش چۈچۈك تىللىق، قوۋناق گۆدەكلەرنىڭ چۇرۇقلاشلىرى بىلەن يەنە كۈندىكىدەك ئويغىنىپ، جانلاندى. تەلەپچان موللا مۇسا ئۆزى گۆدەك ۋاقىتلىرىدىكى سەھەر تۇرۇپ تەكرار قىلىش، يادلاش ئادىتىنى شاگىرتلىرىغا تەلەپ قىلىپ قويغان ۋە سىڭدۈرگەنىدى. ئۇ

گاھ ھۇجرىغا، گاھ لەمپە تېگىگە قاتناپ، گۆدەك ئىلىم تەلەپەلىرىنىڭ ئەتىگەنلىك مەشىقىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، بىرلىرىنى ماختايتتى، بىرلىرىنى تەنبىھلەيتتى. ئۇنىڭغىچە يىقىن ئارىدىكى ئۆيلەردىن قاتناپ ئوقۇيدىغان شاگىرتلارمۇ بىردىن ـ بىردىن كېلىشىپ تولۇقلاندى. بالىلارنىڭ ھەربىرى ئالدى بىلەن ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام بەجا كەلتۈرەتتى. گاھىلىرى دادىسى ئەۋەتكەن ئاز ـ تولا ئىلتىپاتنى ئەكەلگىنىنىڭ مىقدارىغا، قىممىتىگە قاراپ، ھەرخىل ئىپادىلەردە ياش مۇدەررىسكە سۇنۇشاتتى. لېكىن، موللا مۇسا كىم قانچىلىك ۋە نېمە ئېلىپ كەلمىسۇن، ئوخشاشلا ئىللىق چىراي ۋە شېرىن سۆز بىلەن قوبۇل قىلاتتى ۋە شاگىرتلىرىنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت، ياخشى تىلەكلەر يوللايتتى. سايرام مەدرىسىدىكى بارلىق تالىپلار ياش مۇدەررىسنى ئۆتكۈر زېھنى، مول بىلىمى بىلەنلا ئەمەس، ئەنە شۇنداق قانائەتچان خىسلىتى، تەمەدىن، كىبىردىن يىراق پەزىلىتى بىلەنمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەلۋەتتە، ئۆز دىلپارىلىرىنى مەزكۇر مەدرىسىدە، موللا مۇسانىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇتۇۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار مۇشۇنداق ھېسسىيات ۋە پىكىردە ئىدى.

موللا مۇسا سايرام مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدا پات ـ پاتلا توغايلاغا بېرىپ ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى يوقلاپ تۇراتتى. دەم ئېلىش مەزگىللىرىدە ئۇ مۇدەررىسلىك سالاپىتىنى ۋە موللا سۈپەت كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، خۇددى بىر تۇغقان ئىنىلىرىگە ئوخشاشلا بىر ئىشچان، دىتلىق دېھقانغا، باغۋەنگە ئايلىناتتى. ئۆيىنىڭ قاتتىق، يىرىك ئىشلىرىنى ئىلاجى بار



كۆپرەك قىلىپ، ئانىسىنى، ئىنىلىرىنى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانا پەرۋانە بولۇپ، موللا ئوغلىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىيتتى. موللا مۇسامۇ ئانىسى بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىپ، ئۇ غەمخورىنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىنى پەرزەنتلىك مېھرى چەشمىسى بىلەن چىلىقشىتىپ سۇغىرىشقا تىرىشاتتى. بىر تۇغقان ئىنىلىرى ساددا، مۆلايىم ۋە كۆيۈمچان بولۇپ چوڭ بولۇشقان، ئۇلار موللا مۇسانى تاغدەك ئۇستۇن كۆرۈشەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق بىلىملىك، ئەل نەزىرىدە ئىناۋەتتى ئۇستۇن ئاكىلىرى بولغانلىقى بىلەن ھەر دائىم پەخىرلىنەتتى. ئالدىنقى بەتلەردە قەيت قىلغىنىمىزدەك، موللا مۇسا ھەر قېتىم ئائىلىسىگە قايتقاندا مەسچىت جامائىتى بىلەن دىدارلىشىپ، نامازدىن كېيىن يۇرتداشلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن ۋەزخانلىق مۇنبىرىگە چىقىپ، چاڭقاق دىللىرىغا شەرىئەت ۋە تەرىقەت بايانلىرىدىن يامغۇر سېپەر ئىدى.

دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە دېھقان يۇرتلىرى ھەسەل ھەرىلەرىنىڭ ئىنىلىرىدەك قايىنام تاشقىنلىققا چۆمۈپ كېتىدۇ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەم دالادا، ئېتىز باغرىدىن خامان قۇچىغىغىچە يامراپ، جىددىيلىككە بېرىلىدۇ. بىر يىللىق ئەجرىنى بىر تاللاپ يىغىدۇ، ئادەت بويىچە مۇنداق چاغلاردا سايرام مەدرىسىمۇ تالىپلارنى بىر مەزگىل ئوقۇشتىن ئازاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق ئەمگەكلىرىدە ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇشلىرىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ، بۇ مەزگىلدە موللا مۇسامۇ ئائىلىسىنىڭ يىغىم ئىشىغا ھەمكارلىشاتتى. ھەممىدىن كۆڭۈللۈكى ـ ئوما مەزگىلى ئىدى. كۈنىنىڭ قىزىقى قانچە ئۆتكەنسېرى، ئومىچىلار ئۆزىنى شۇنچە

راھەت، كۆڭۈللۈك سېزەتتى. تەرلەر بويۇنلاردىن، ماڭلايلاردىن شورقىراپ ئېقىپ، تەنلەردىن دېھقانغا خاس بىر خىل پۇراق ئاڭقىيتتى. موللا مۇسا دائىمقىدەك بىر ياقتىن ئوما ئورغاچ، يەنە بىر ياقتىن توختىماي كاللىسىدىكى تۈگىمەس خىياللار، مۇنازىرىلەر بىلەن بەنت ئىدى. توساتتىن ئىتتىك ئوغاق، ئۇنىڭ سول قولىنىڭ باشمالتىقىنى كېسىۋەتتى. ئاغرىق ئازابى تەن - تېنىگە تاراپ، شورۇلداپ ئېقىۋاتقان قاننى توختىتىش ھەلەكچىلىكىدە ئۆزىدىن سەللا نېرىدا باغ باغلاۋاتقان ھىلاخۇننى چاقىرغان موللا مۇسانىڭ ئەتراپىغا بىردەمدىلا قېرىنداشلىرى توپلاندى. بىرى نەدىندۇر لاتا تاپتى، بىرى يەردىن نەم توپا ئالدى. بىر پەستىن كېيىن، تېڭىلغان قولنىڭ ئاغرىقى كىچىككىنە يەڭگىللىشۋىدى، موللا مۇسا ئەنسىرەشكەن قېرىنداشلىرىنى خاتىرجەم قىلاي دېدىمۇ، چىرايىغا قىزىقچىلىق تۈسى بېرىپ، قوشاق توقۇدى:

يېمەي تويدۇم بۇنداق ئاشقا،
چۇمۇچ تەگدى ئالتۇن باشقا،
بۇ ئورمىنى ئورمىسام،
كۈنۈم ئۆتمەيدۇ مۇندىن باشقا،

ئەتراپىدىكىلەر موللا مۇسانىڭ ھازىر جاۋابلىقىدىن سۆيۈنۈپ ۋە قوشاقنىڭ ھەجۋىسىدىن قىزىقسىنىپ پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى. بۇ قوشاق موللا مۇسانىڭ ئورغاقتا قولىنى كېسىۋالغانلىق خەۋىرى بىلەن قوشۇلۇپ، قوشنا ئېتىزلارغىمۇ تارىدى ۋە خېلى ۋاقىتلارغىچە مەشھۇرلىنىپ يۈردى.



# مەھمۇددىن خوجا ھۇزۇرىدا

موللا مۇسا سايرام مەدرىسىدە ساپمۇساق ئون يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، تالاي شاگىرتلارنى ھەم دىنىي ھەم پەننىي ئىلىملەر بىلەن، جۈملىدىن شۇ دەۋرلەر مەكتەپلەردە كەم ئۆتىلىدىغان ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ناباتات (ئاگروبىئولوگىيە)، سالنامە (تەقۋىم) قاتارلىق دەرسلەر بايانى بىلەن تەربىيىلەپ، زامانىسىنىڭ پېشقان زىيالىيلىرىدىن بىرىگە ئايلانغىنىدا، يەنى 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان مەزگىلىدە كۇچا رايونىدا ھەيۋەتلىك بىر ئىنقىلابى قوزغىلاڭ پارتلىدى.

بۇ دەۋر چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ئىستىبدات سىياسىتى ئەۋجىگە چىققان، يۇرت ۋە پۇقرالار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن خارابلىشىپ، ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغان، مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە چىرىك چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى چوڭ - كىچىك خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن بىر دەۋر ئىدى. 1864 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا جۈملىدىن كۇچادىمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كەڭ - كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرى پارتلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچانى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى ۋە يەرلىك ئەزگۈچىلەرنى تېزلا گۇمران

قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، راشىدىن خوجىنى خان قىلىپ سايلىشىدۇ.

ئەلقىسسە، راشىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار غەلىبە مېۋىلىرىنى تېز سۈرئەتتە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە كۇچانى مەركەز قىلىپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئەل ئارىسىدا ئۆزلىرىگە مايىللىق قوزغاپ ۋە توپلاپ، ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن راشىدىن خوجا ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بۇرھانىدىن خوجىنى باش قوماندان، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ساقساق مەدرىسىدىكى ئۇستازى، مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى قوشۇنىنىڭ باش قازىسى، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇددىن خوجىنى ئاتىسىنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، سايرام، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى.

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى مەھمۇددىن خوجا موللا مۇسا سايرامىنىڭ ساقساق مەدرىسىدە سەككىز يىل بىر ھۇجرىدا يېتىپ - قوپۇپ بىللە ئوقۇغان ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشى ۋە سۆھبەتدىشى ئىدى. مەھمۇددىن خوجا تارماق قوشۇننىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن مۇھىم ئادەملەر قاتارىدا موللا مۇسا سايرامىنىمۇ يادىغا ئالدى ۋە بىر ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، سايرامدا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان موللا مۇساغا كۇچادا بولۇپ ئۆتكەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلىپ بەردى ۋە ئۇنى تېزدىن كېلىپ بۇ قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزىگە ھەمدەم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. موللا مۇسا سايرامى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوست - يار



ئاغىنىلىرىنى ھەققانىيەت يولىغا دەۋەت قىلىپ، پات ئارىدىلا نۇرغۇن ئادەملەرنى باشلاپ كۇچاغا ماڭدى. ئۇلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن قىزىلدا① ئۇچراشتى.

موللا مۇسا سايرام مەدرىسىدە 8 - 10 يىل مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي - پەزىلىتى، ياخشى خۇلق - مىجەزى، چىقىشقاقلىق ۋە ئۆتكۈر زېھنىلىكى بىلەن يىراق - يېقىنغا، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغانىدى. مۇشۇنداق بىر ئاتاقلىق ئىلىم ئەھلىنىڭ مەزكۇر خەلق قوزغىلىڭىغا ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن ئىشتىراك ئەتكەنلىكىنى كۆرگەن، ئاڭلىغان باي ۋە سايرام خەلقى ئىشەنچلىك ھالدا ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قاتنىشىشتى. بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا قوزغىلاڭغا قىزىل، سايرام، بايدىن قاتناشقانلارنىڭ سانى 7000 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى. موللا مۇسا سايرامى كۇچادا ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا، ھەرقايسى پەنلەردىن بىلىم ئىگىلەش بىلەنلا قالماي، ھەربىي ئىشلار ئىلمىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدە ئۆز تالانتى ۋە ئىقتىدارى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈندى ۋە كاتتا ئابرۇيغا ئىگە بولدى. ئەمگەكچى ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن موللا مۇسا سايرامى ھەر ۋاقىت، ھەممە ئىشتا خەلقنىڭ غېمىنى يەيتتى، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيتتى. بارغانلا يېرىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئەل مەنپەئىتىگە پايدىلىق قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ، ئىلان قىلىشقا مەسلىھەتچى ۋە ھەمدەم بولاتتى.

موللا مۇسا سايرامى مەھمۇددىن خوجىنىڭ

① ئاقسۇ تەۋەسىدىكى جاي ئىسمى.

ئۆچتۇرپاندىكى قارارگاھىدا باش مىرزا، مۆھۈردار، خەزىنە باشقۇرغۇچى ۋە ئوردا قاراۋۇللىرىنىڭ نازارەتچىسى قاتارلىق ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيتتى. ئۇ مەھمۇددىن خوجىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ - قوپۇشتا دائىم بىللە بولىدىغان سىردىشى ۋە ئۇلپىتى ئىدى. خاھى ئۆلىما، خاھى پازىل، خاھى ھاكىم، خاھى دادىخاھ[1] بولسۇن، ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز بىر ئىش قىلالمايتتى.

بىر كۈنى ئۆچتۇرپانلىك باي مۇھەممەد قازىبەگ موللا مۇسانى ئىپتارغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ:

— ئىپتار قىلىپ بولۇپ، قونۇپ ئەتىسى قايتىپ كەتسىلە، پادىشاھتىنمۇ (مەھمۇددىن خوجىنى دېمەكچى) شۇنداق رۇخسەت ئالسىلا، — دەپ تەكىتلىدى.

باي مۇھەممەد قازىبەگنىڭ ھويلىسى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئىدى. موللا مۇسا ئۇ كەملەردە پادىشاھلىق ئوردىدا بەش ۋاخ نامازغا ئىمام، جۈمە نامىزىغا خاتىپ ئىدى. يەنە پادىشاھنىڭ ھەممە مەخپىي گەپ - سۆز، خەت ئالاقىلىرىگە سىرداش ئىدى. ئوردىغا كىرىدىغان توققۇز قاراۋۇل (پوست) غا مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچقانداق كىشى قاراۋۇللاردىن ئۆتەلمەيتتى. بۇ ئىشلاردىن ئۇنىڭ مەھمۇددىن خوجا ھۇزۇرىدىكى ئىمتىيازى ۋە ئىناۋىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

گەپكە توغرا كەلگەندە، مۇنداق بىر ۋەقەنى قوشۇپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ:

مەھمۇددىن خوجا پادىشاھلىق (1864 - يىلى 7 - ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاقسۇ ۋە ئۆچتۇرپاننى ئىشغال قىلدى،

[1] دادىخاھ — سوتچى، سوراقچى، كىشىلەرنىڭ دادىغا يەتكۈچى.



قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئەينى چاغدىكى قوماندانى مەھمۇددىن خوجا ئۆچتۇرپاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى) تەختىگە ئولتۇرغاندا مۆھۈر ئويدۇرۇش لازىم بولۇپ، مۆھۈرگە ئويىدىغان سۆزنى ھەر كىم ھەر نەرسە دەپ «سەجئى[1]» قىلدى. نۆۋەت موللا مۇسا سايرامىغا كەلگەندە ئۇ:

ياخەت ئىززەت زى ھەزرىتى مەئبۇد،
ئىبنى بۇرھانىددىن خوجا مەھمۇد[2]

دەپ «سەجئى» قىلغانىدى. ئۇنىڭ يازغىنى مەھمۇددىن خوجىغا ياراپ قېلىپ، قوبۇل ئېتىلدى. خوجا مۆھۈر ئويدۇرۇشنى شۇ مەيداندىلا موللا مۇساغا تاپشۇردى. ئۇنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئەرزىگەنلىكتىن مەھمۇددىن خوجا تولىمۇ خۇرسەن ۋە خۇشال بولدى ۋە ئۇنى مۆھۈردار، يەنى مۆھۈر تۇتقۇچى قىلىپ بەلگىلەپ، مۆھۈرنى موللا مۇسا سايرامىغا تاپشۇردى. ھەرقانداق يارلىق، ئەمىر - پەرمان، قانۇن - دەستەكلەر موللا مۇسا مۆھۈر باسقاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولاتتى.

ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى: موللا مۇسا مەھمۇددىن خوجىدىن رۇخسەت ئېلىپ، مۇھەممەت قازىبەگنىڭ ئۆيىگە ئىپتارغا باردى. مول ناز - نېمەتلەر بىلەن ئىپتار قىلىنىپ، ئاندىن ناماز تەراۋىھ ئادا قىلىندى. تەراۋىھدىن كېيىن ئىپتار ئەھلى مەخسۇس ھازىرلانغان مېھمانخانىغا كىرىشتى. كۆڭۈللەرنى مەپتۇن قىلىدىغان نەغمە ساز، ناخشا ناۋا بىلەن مەشرەپ بولدى.

[1] سەجئى — قاپىيىلەشتۈرۈش، شېئىر تۈزۈش.
[2] مەنىسى: تەڭرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئوغلى مەھمۇد.

يېرىم كېچە بولغاندا خاس خىزمەتكار موللا مۇسا سايرامىنى يالغۇز چاقىرىپ، بۆلەك بىر خاس خانىغا ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆيدە ئۇچتۇرپاننىڭ كونا بەگلىرىدىن قۇربان خەزىنىچى بەگ موللا ئىمىن شەيخ، موللا تۆرە[1] ۋە مېھمانبەگ قاتارلىق 15 چە ئادەم ئولتۇراتتى. بۇ خانىدىمۇ بۆلەكتىن زىياپەت قائىدىلىرى بەجا كەلتۈرۈلدى. بىر چاغدا يۇرت ئۇلۇغلىرى موللا مۇساغا قاراپ ئەسلىي مۇددىئالىرىنى بايان قىلدى:

— سىلى دانالىق ۋە لىللالىقتا ئەلگە مەشھۇر. ھازىر ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىشلار ئەلنى تىنچسىزلاندۇرماقتا. بۇرھانىدىن خوجامنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، ياخشى كىشى. ھامىدىن خوجام بولسا ناھايىتى غەيرەتلىك، غەزىپى زىيادە، ئاچچىقى يامان كىشى ئىكەن. مەھمۇددىن خوجام ھازىر ئەلنى ناھايىتى ياخشى سوراۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن چوڭ ـ كىچىك ھەممە خەلق رازى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرھانىدىن خوجام، ھامىدىن خوجاملار يۇرتدارچىلىق ئىشىغا ئارىلاشماي، تىنچ يېتىپ، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانسا، بۇ ئەرزىمىزنى ئۆزلىرى يەتكۈزۈپ، توختام قىلىپ، ماقۇللۇق ئېلىپ بەرسىلە. خوجاملارنىڭ ھەممىسى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالسا ئوبدان ئاقىۋەت بولماستىن يامان ئىشلار بولىدۇ.

ئەتىسى موللا مۇسا قارارگاھقا قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇددىئالىرىنى مەھمۇددىن خوجىغا يەتكۈزدى. بۇ ئىنتايىن نازۇك ۋە مۇھىم ئىش ئىدى. موللا مۇسانىڭ زىممىسىگە ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەنىدى. مەھمۇددىن

① يەنە بىر يازمىدا «موللانۇر» دەپ ئېلىنغان



خوجا دەسلەپ:

— بۇ گەپنى مەيلى دادام، مەيلى ئاكامغا مەلۇم قىلمىسىلا، مەن بۇنى ئۆزۈم بىر يولى بىلەن ئېيتىپ ماقۇل قىلارمەن، — دېدى. لېكىن، ئىش خوجامنىڭ دېگىنىدەك بولماي، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەندىشە قىلغىنىدەك بولدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇچتۇرپان ئەھلى قوزغىلىپ، ئىتائەتتىن باش تارتتى. مەھمۇددىن خوجا دەرھال موللا مۇسا سايرامىنى ئۆزىنىڭ ئەلچىلىكىگە تەيىنلىدى. موللا مۇسا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئەلچىسى توختى مۇھتىسىپ بىلەن بىرگە سۈلھىگە ماڭدى...

ئەلقىسسە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق يىرىك تارىخى ئەسەرلەرگە قەلەم تەۋرەتكەن ئەدىب موللا مۇسا سايرامى ئۆز نۆۋىتىدە ئەينى زاماندىكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ، مۇھىم كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەرنىڭ شاھىتى، ئىشتىراكچىسى ۋە مۇھىم شەخسلىرىدىن بىرى ئىدى. يۇقىرىقى ھېكايەتلەرنى شۇ دەلىل ئۈچۈن قىسسىمىزگە پۈتتۇق.

مەھمۇددىن خوجا ھۇزۇرىدا قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلىق ۋەزىپىلىرىنى جارى قىلىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلققە ئادالەت كۆرسىتىشىگە دالالەتچى بولغان، ئەل بېشىغا ئارتۇقچە يۈك ئىزلارنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش يولىدا خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئەرزىيەت چېكىپ تۇرۇپ جان پىدالىق كۆرسەتكەن موللا مۇسا سايرامى ئۆز رېتىمدە ئاددىي ـ ساددا قانائەتچان پەزىلىتى بىلەنمۇ ئەل ئىچىدە مەشھۇر بولغان، ئەينى چاغدا، يەنى موللا مۇسا مەھمۇددىن خوجا ھۇزۇرىدا بىر نەچچە تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تۇتقىنىدا، قوزغىلاڭ ئولجىسى

بولغان بوغداي ئامبىرى، ئۇن ئامبىرى، ئارپا ئامبىرى قاتارلىق ئۈچ خىل ئاشلىق ئامبىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇشقانىدى. بۇ ئاشلىقلارنى ئوردىنىڭ مەخسۇس ئالىي ئاشخانىسى، ئاتخانىسى ۋە خاس خىزمەتچى مەھرەملەرنىڭ ئاتلىرىغا ئىشلىتەتتى. موللا مۇسا سايرامى ئۆز ئورنىدا ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشقا ئىنىسى مەھەممەت خەلپىنى[①] قويىدى. ئەمما، ھەممە نەرسىنى بەلگىلىمە، ئۆلچەم، بۇيرۇق بىلەن سەرپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزى بەلگىلىدى. مەخسۇس ئاشخانىغا لازىم بولىدىغان گۆش- ياغ، گۈرۈچ، سەۋزە - پىياز، چاي - تۇز، ئوتۇن قاتارلىقلارغا ئامباردىكى ئاشلىقلارنى سېتىپ خىراجەت قىلاتتى. باشقۇرۇش قاتتىق بولغاچقا، ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ ئامباردىكى ئاشلىقلارنىڭ تۆتتىن بىرىمۇ تۈگىمىگەنىدى. ئوردىدا ھەر بىر مەنسەپدار ۋە ھەر بىر خىزمەتچىگە بەلگىلەنگەن مۇقىم ئاشلىق ئۆلچىمى بار ئىدى.

موللا مۇسا بەتخەجلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن ھەزەر ئەيلەش مۇددىئاسىدا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا ھەر دائىم دىققەت قىلدى. ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ئاشلىقتىن بىر سەرمۇ ئارتۇق ئاشلىق ئالمىدى. ئۇ ئوردىدا، ئىنىسى مۇھەممەت خەلپە بىلەن بىر ھويلىدا تۇراتتى، بەزى چاغلاردا چىراق يېغى ياكى شام لازىم بولۇپ قالسا، بازار نەرقى ھېسابلاپ پۇل بېرەتتى. ئاشخانا ۋە ئاتخانىلارغا ئارتۇق ھېسابلاپ ئېلىپ، ئارتۇقىنى سېتىپ پۇل قىلىدىغان ئىللەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىغا ئۇ ئەسلا يول قويمايتتى. بۇ ئۇنىڭ پەرھىزكار ۋە تەقۋادارلىقىدىن بولغان ئىش بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنساپ، دىيانىتىنىڭ مەھسۇلى

① بەلكى بىر نەۋرە ئىنىسى بولسا كېرەك.



ئىدى.

ياز ئېيىنىڭ سالقىن تارتىپ تۇرغان بىر ئاخشىمى، تىپتىنچ ھويلىدىن گاھ - گاھ قۇشلارنىڭ ئەنسىز چۇرۇقلاپ، قانات قېقىپ ئۇچقان تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. يېڭىلا پەرلەنگەن چىراغ ئەتراپقا ئاجىز يورۇق چېچىپ، لىپىلدايتتى. بىر كۈنلۈك ئالدىراش مەشغۇلاتلاردىن بوشاپ، كېچىلىك يەڭگىل كىيىمدە ئۆزىنى تولىمۇ ئازادە سەزگەن مۇسا سايرامى ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە چىراغ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كۆڭلى ئەڭ سۆيگەن ئىشى - ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ساقساق مەدرىسىدىكى تالىپلىق، سايرام مەدرىسىدىكى مۇدەررىسلىك يىللىرى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ھەرخىل بىلىملەر، ئەمدىلىكتە تۇرمۇش قايناملىرىدا، جەڭگاھ قۇچاقلىرىدا تاۋلانغان، پىشقان بۇ زېرەك ئىنساننى تېخىمۇ تاكامۇللاشقان ئادەمگە، بىر ئاقىل ۋە تەدبىرلىك ئەدىبكە ئايلاندۇرغانىدى. شۇ كۈنلەردە ئۆزى بىلەن بىرگە، بىر مەسلەكتە ھاكىمىيەت سەھنىسىدە رولى، پەزىلىتىنى جارى قىلىپ يۈرگەن ئۇستازى موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ ئەينى چاغدا مەدرىسىدە ئۆزىگە قىلغان گەپلىرى، دالالەتلىرى ئۇنىڭ يادىدىن ئەسلا چىقمايتتى. قىران قۇشنىڭ ئىككى قانىتى - شائىرلىق ۋە تارىخشۇناسلىق پەيدىنپەي ئۇنىڭ قەلبىدە ئارمان بولۇپ، ھەر دائىم ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنى غىدىقلايتتى. مۇنەۋۋەر ئارزۇ ھېسسىياتلارغا چۈمۈلدۈرەتتى. مانا ئۇ، نى - نى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئىشتىراك قىلدى. ھاكىمىيەتنىڭ مۇھىم ئەربابىمۇ بولۇپ خىزمەت ئىشلىدى. نام، مەرتىۋە تالاشقان يۇقىرى

تەبىقىدىكىلەرنىمۇ، ئاھ ـ زار چەككەن تالاي يوقسۇللارنىمۇ كۆردى. ئەل، خەلق مەنپەئىتى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەدىسە بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىپ، كىچىككىنە مەنسەپ تەختىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يۇرتنىڭ، ئاۋامنىڭ ھەر چوڭ جانجان مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىۋېتىشتىن يالتايمايدىغان، ئۇيالمايدىغان ئادەملەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە ھەسرەت ئۇرۇقى تەردى. نادانلىق، جاھىللىق ئىللەتلىرى تۇپەيلى قېرىنداش تۇرۇپ بىر ـ بىرى بىلەن پىچاقلىشىدىغان ئىنسانلار نەپرىتىنى قوزغىدى. ھەممىدىن ئاق كۆڭۈل مېھنەتكەش خەلققە ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇلارنىڭ چەككەن جاپا، كۆرگەن كۈنلىرىدە گويا ئۆزىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى، ئەيىپى باردەك ئىچى سىقىلاتتى، كېچىلىرى تولغىناتتى. ئىلىم ـ مەرىپەتسىز بىر ئەل، بىر مىللەتنىڭ روناق تاپمايدىغانلىقى، جاھان كەڭرىچىلىكلىرىدىن جاھان ئەھلى قاتارىدا بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇلارنى ئويلىغىنىدا ئاجايىپ شېئىرلارنى يېزىپ، ئەلدە گۈزەل تىلەكلەرنى، ئارمانلارنى ئويغاتقۇسى، كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان تارىخىي قىسسەلەرنى غەنىيمەت قەلىمىدە پۈتۈپ، كەلگۈسى، ئەۋلاد، زامان ئۈچۈن قالدۇرغۇسى، خۇللاس كالام، ئىككى قانىتى بەردەم قۇش بولۇپ، يۇرت ئاسمىنىدا، مەرىپەت كۆكىدە پەرۋاز قىلغۇسى كېلەتتى. ئەنە زوق ۋە شوخلۇق ئىشتىياق تۇپەيلى ئۇ بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە ئوقۇشقا، يېزىشقا ۋۇجۇدى بىلەن بەنت بولدى...

— مېھمان كەلدى! — بوسۇغىدا ئۇشتۇمتۇت بىراۋنىڭ چاڭگىدە ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇسا سايرامى بېشىنى خەتتىن



كۆتۈرۈپ، ئىنىسى مۇھەممەت خەلپىنى كۆردى. كېيىن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. يېنىدا كۆرۈشمىگىلى خېلى بولغان ئۇستازى، ئاددىي كىيىنگەن، خۇشچىراي يىللار ۋە ئەنسىز ئۇرۇش ـ جېدەللەر خېلىلا مۈكچەيتكەن موللا ئوسمان ئاخۇنۇم ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

— مەرھابا ئۇستاز، قەدەملىرىگە ھەسانات، قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە! — مۇسا سايرامى خۇشاللىقى بىلەن ئۆزى ئىككى چامداپ بوسۇغا تەرەپكە چۈشتىدە، ئۇستازىغا قول بەردى.

ئاددىي جاھازلانغان خانىدا چىراغ يېڭىدىن پەرلىنىپ، بۆلەكچە نۇر چېچىشقا باشلىدى.

# قۇتلۇق ئىزدىنىش

## 1867 ـ يىلى، كەچ كۈز

موللا مۇسا سايرامىنىڭ توغايلا مەھەللىسىدىكى قەدىم جايى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن تەشۋىش، چوقان ـ سۈرەن ۋە دىلخەستىلىكلەردىن تولىمۇ چارچىغان، بىر ئەقىل ـ ھوشلۇق، ھېسسىياتلىق ئەدىب، جامائەت ئەربابى بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاقسۇ دىيارىدىكى تەتۈر چۆرگىلىگەن پەلەكنىڭ ۋەھشىتىدىن دىلى مۇجۇلغان، كۆڭلى ئىزتىراپ، غۇسسىلەرگە ماكان بولغان مۇسا سايرامى بىر نەچچە كۈن ئارام ئالغاچ يۈرىكىدىكى ئوتلارنى بېسىۋېلىش، كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى يېشىش ئۈچۈن ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئەل غېمىدە، يۇرت كويىدا دەرد چېكىپ سارغايغان چىرايى ئانا يۇرت، تۇغۇلغان مەھەللىسىنىڭ قوينىدىلا ئېچىلالايتتى، مەھزۇن كۆڭلى جانىجان قېرىنداش، باغرىلىرىنىڭ ئارىسىدا تەسكىن تاپالايتتى. ئۇ توغايلادىكى ھويلىسىغا كېلىپ، ئۆزىنى راستتىنلا خېلى يەڭگىل سەزدى.

مەھمۇددىن خوجا ئۈچتۇرپاننى سورىغان يىللاردا مۇسا سايرامى ھەر ۋاقىت، ھەر سائەت خەلقنىڭ سۆزىنى سۆزلەش ئاساسىدا ئۆزىگە بېرىلگەن تۈرلۈك ئەمەل، ۋەزىپىلەرنى ناھايىتى قىزغىنلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلىپلا



قالماي، بەلكى تېز ئارىدا پەزىلەتلىرى تۈپەيلى پۈتۈن ئۈچتۇرپان تەۋەسىدە شۆھرەت قازانغانىدى. قىسسىلىرىمىزنىڭ ئالدىنقى بابىدا بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالدۇق. مىلادىيە 1865 ـ يىلى مۇھەممەت ياقۇپ بەگ (بەدەۋلەت) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ھەدەپ كېڭەيتىۋاتقان بىر مەزگىلدە سابىق ئۈچتۇرپان ھاكىم بېگى توختى بەگ قاتارلىقلار توپىلاڭ قوزغاپ، تىغ ئۇچىنى قوزغىلاڭچىلارغا قارىتىپ، ياقۇپ بەگ تاجاۋۇزىغا ماسلاشقاندا، موللا مۇسا سايرامى قوزغىلاڭچىلارنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە توپىلاڭچىلارنىڭ ئۆگىسىگە كىرىپ، ئۆز ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى پارچىلاپ، توپىلاڭنىڭ بېسىقتۇرۇلۇشى ئۈچۈن چوڭ ھەسسە قوشتى ۋە ئۈچتۇرپاندىكى دېھقانلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدى. زېرەك ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ توغرىسىدىمۇ ئالدىنقى باب ئارقىلىق خەۋەر تاپقانىدى.

بىراق، جاھاندا ياخشى ئىشنىڭ ئۆمرى ھامان قىسقا بولۇپ كەلگەن. مىلادىيە 1867 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ياقۇپ بەگ تاجاۋۇزچىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى سەركەردىلىرى ياقۇپ بەگكە ئۇرۇشمايلا تەسلىم بولدى. ھاكىمىيەتنى قوغداش يولىدا جېنىنى خەتەرلەرگە تىكىپ قانچە قېتىملاپ ئەلچىلىك، سۈلھىچىلىك لىباسىنى كىيگەن مۇسا سايرامى كۆز ئالدىدىكى ئىشلاردىن ھايرانۇ ھەس بولۇپ، قەلبى ئازابقا تولغان ھالدا بۇ تارىخىي قىسمەتنىمۇ قەلەمگە ئېلىپ

قويدى. شۇ ھالەتتە ئۇ ئىپتارغا تەكلىپ قىلىنغان ئاشۇ كۈن ھېلىقى سورۇندىكى ئۈچتۇرپاننىڭ كونا بەگلىرى بىلەن مەھمۇددىن خوجىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆزگە كۆرۈنمەس بىر يىپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ، خىيال شۇبھىگە پاتتى:

بار ئىدى نەچچە خانلار، نەچچە بەگلەر،
يەنە مەنمەن دېگەن نەچچە بايلار.
ھەممەلەر ئالدىمىزدىن بىر ـ بىردىن ئۆتتى،
كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق قانچە ئۆتتى.
قايان كەتتى ھۆكۈمەت بىلەن سەۋلەت،
يەنە پۇل، مال، چانى ۋە بەلكى دەۋلەت...

ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى، مۇھىم ئورۇندا ئەمەلدارلىرى ياقۇپ بەگنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىندى. موللا مۇسا سايرامى مۇشۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئۇ ياقۇپ بەگنىڭ قىلىچى ئالدىدا جېنىدىن ئايرىلغان سەركەردىلەرنىڭ پاجىئەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. نەزەربەندكە ئېلىنغانلارنىڭ قاتارىدا موللا مۇسا سايرامىمۇ بىر مەزگىل ئەزىيەت چەكتى. ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە تالانتى ئاخىر تەقدىرنى خەيرلىككە بۇراپ، مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇردى. ئەينى چاغدا قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرى، توغرا نىيەت ئىقبالى قارا كۆڭۈللەرنىڭ تاشتەك يۈرەكلىرىنى ئېرىتىپ، قايتىدىن ھاكىمىيەت ۋە ئاۋام ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىشى نېسىپ بولدى. ئۇ ياقۇپ بەگ



ھاكىمىيىتىنىڭ مەمۇري ئاپپاراتلىرىدا، 1867 ـ يىلىدىن 1877 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۆشرە ـ زاكات ھېساباتىنى خاتىرىلىگۈچى مىرزا بولۇپ ئىشلىدى. 1877 ـ يىلى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ياندۇرقى يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇسا سايرامى ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە مۇسا سايرامىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىنىلىرى ئىسلام ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن، ھىلاخۇن، سىڭلىسى زىۋۇددىخانلار قالغانىدى.

— ئاكا، — دېدى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەۋەررۇك قەدىم جايىدا ئىنى ـ سىڭىللىرىغا باش بولۇپ قالغان، مىجەزى ئېغىر، تەقى ـ تۇرقى رەھمەتلىك ئاتىسىنى تارتقان قاسىم ئاخۇن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مۇسا سايرامىغا، — يۇرت ئىشلىرى بىلەن شۇنچە يىل مالامەت بولۇپ، نەمۇ نەلەردە يۈردىلە، ئەمدى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئورنىدا بىزگە يۆلەك بولۇپ، بىز نادان ئىنى ـ سىڭىللىرىنى مۇرۇۋۋەت يولىغا باشلاپ، ھاردۇقلىرىنىمۇ ئالغاچ، مۇشۇ يەردە تۇرغان بولسىلا، بىز بىر تۇغقان بەش قېرىنداش مۇشۇ سايرامدا رەھمەتلىكلەرنىڭ چىرىغىنى دەرقەمتە ياندۇرساق! .

مۇشكۇل تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىز قوللىرى چوڭقۇر ئىزنا سالغان ئاقدىل، كۆيۈمچان چوڭ ئىنىسىنىڭ سەمىمىي ئىلتىجاسى، تەلىپى موللا مۇسانىڭ يىللار شامالىدا قاتقان چىرايىنى، قەلبىنى يۇمشىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىگە كۈچلۈك ئىلتىجا، ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ تۇرغان بىر قورسان جان ـ جىگەرلىرىگە لىققىدە ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن بىرمۇ ـ بىر تىكىلدى ـ دە، بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ

كۆنى، بىر چاغلاردا ھايات شاداقلىرى مېھرىبان ئانىنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن تامىقى قايناۋاتقان قازاندەك پۇرۇقلاپ قايىنىغان، ھويلىسىدىكى قىزىل ئۆرۈك، سايۋا ئۈزۈملەرنىڭ شاخ - شېخى، ئارا - ئارىسىدا قوۋناق قۇشلار سايراپ، بال ھەرىلىرى غوڭۇلدىغان، ئەمگەكچان، ئوقۇمۇشلۇق زات موللا ئەيسانىڭ تەمكىن ئاۋازى ياڭرىغان قەدىم جاي يەنە بىر قېتىم ھېيىت خۇشاللىقىغا چۆمدى.

موللا مۇسا ئاتا باغرىغا يېنىپ كەلگەن گۆدەكتەك، چىمەنىستاننى تاپقان بۇلبۇلدەك خۇشال ئىدى. ئۇ كۈنلىرىنى ئالدىرىماي، بەھۇزۇر ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. سەلتەنەت غوۋغالىرى ۋە مەھكىمە بۇرچلىرى ئۇنى چارچىتىپ، ئوبدان ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بابىدا ئارام ئېلىپ، يۇرتداشلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، گاھى - گاھىدا جامائەتلەرنىڭ تەلىپى بىلەن مەسچىتتە ئەلنىڭ كۆڭلىنى لال قىلغۇدەك مەنالىق ۋەز ئېيتىپ، يۇرتى سايرامنىڭ يۇرەككە راھەت - بەخش ئېتىدىغان مەنزىرىلىرىنى سەيلە قىلىپ، كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئىنى - سىڭىللىرى مۆتىۋەر، نامى مەشھۇر ئاكىلىرىنىڭ يۇرتىغا، تۇغۇلغان قەدىم جايىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن ۋە ئىپتىخارلىقتا ئىدى. ئۇلار موللا مۇسانىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوقۇش، يېزىش، مۇتالىئە قىلىشتەك مەشغۇلاتىغا ۋە ئارام ئېلىشىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىشقاندەك دائىمەن بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ، ئىما - ئىشارەت بىلەن سۆزلىشەتتى. بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ، ئاكىسىنى يوقلاپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى.



كۈنلەر شۇ رەۋىشتە ئۆتتۈۋەرگەن بولسا قېرىنداشلار ئۈچۈن نەقەدەر ياخشى ئىش بولغان بولاتتى. لېكىن، ھايات ھامان ئۆزگىرىشكە مايىل، يېڭىلىقلارغا باي، موللا مۇسا سايرامى يۇرتىدا ئەنە شۇنداق تىنىچقىنا ئىستىقامەت قىلىپ يۈرگەندە، ئەينى يىللاردا ھەمسۆھبەت بۇرادەرچىلىكتە يېقىن ئۆتتۈشكەن ئاقسۇدىكى ئۇلپەت - قۇرداشلىرىدىن بىر نامە، توغرىسى بىر جىددىي تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى. تەكلىپنامىدە دىل ئەسرارلىرى مېھىر - مۇھەببەتلىك سالاملىرىنى بايان ئېتىشىپ، موللا مۇسانىڭ ئەلگە، مىللەتكە پايدىلىق چوڭراق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن مەرىپەت، ئىلىم ئەھلى جۇغلانغان جايدا تۇرمىقىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ، خۇلاسە كالامدا «ئاقسۇغا كەلسەڭ، بىرگە ئۆمۈر ئۆتكۈزسەك» دېيىلگەنىدى. مۇسا سايرامىنىڭمۇ ئۇنىڭسىز ھەم بەزى ئىشلار تۇپەيلى كۆڭلىدە بىر تۈگۈن، بىر ئىزتىراپ بار ئىدى. تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇ بىر نەچچە كۈنلەر چوڭقۇر خىيالغا، ئۆز - ئۆزى بىلەن بەھىسكە چۆكتى. ئاخىر بىر قارارغا كەلدى.

يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن موللا مۇسا سايرامى چوڭ ھويلىغا بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغدى. داستىخان ئۈستىدە ئۇ قېرىنداشلىرىغا ئاقسۇدىن كەلگەن تەكلىپنامىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى، مەقسەت - مۇددىئالىرىنى بايان قىلدى:

— ئەزىز قېرىنداشلىرىم، مەن كەمىنە قېرىندىشىڭلارنىڭ مۇددىئاسىنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، ھەر بىرىڭلارنى دېسەم، سايرامدىن، توغايلادىن، بۇ ئەزىز ھويلىدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلغۇم يوق. بىراق، ھەربىرىڭلارغا مەلۇم، مەن

ئۆمرۈمنى ئىلىم ـ ھېكمەتكە، يۇرت ـ ئاۋام ئىشلىرىغا ئاتىغان بىر كىشىمەن. شۇ ئىشلىرىمنىڭ ئاخىرى ھېلىھەم ئۈزۈلگىنى يوق. ماڭا نەدىلا بولاي، يېگىلى بىر نان بولسىلا بولىدۇ، بۈگۈن ھەر بىرىڭلارغا ئېتىبارىم، مېنىڭ يوقۇمنى بىلىندۇرمەي، رەھمەتلىك ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى ھەر بىرىڭلار توغايلادا، مۇشۇ ھويلىدا دەرقەمتە يورۇتۇپ ئۆتۈڭلار. ھەرقايىسىڭلار ئوقەتنى بۆلۈشمەي، بىللە ئۆتۈڭلار. «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن ماقالە بار، بۆلۈنۈش ياخشى ئەمەس. ئىسلام ئاخۇن دېھقانچىلىقا مەسئۇل، شۇنىڭ بەرگىنىنى يەڭلار. قاسىم ئاخۇن چارۋىچىلىققا مەسئۇل، شۇنىڭ بەرگەن قويىنى يەڭلار. ھىلاخۇن يۇرتدارچىلىق قىلسۇن ھەم سودا ـ سېتىق، كىيىم ـ كېچەك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسۇن. بىر تاللا سىڭلىمىز زىئۇدىخاننى قانات ئاستىغا ئېلىڭلار. ماڭا يول بولسۇن، تارتىشماي دۇئا بېرىڭلار.

موللا مۇسا ھاردۇق يەتكەندەك، ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ئۆكسۈپ توختىدى. قېرىنداشلار نېمە دەيتتى؟ ئاكىسى چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا يارالغان ئادەم، ئەلنىڭ غېمىگە، خىزمىتىگە كېرەك ئادەم. ئۇلار ئۇنى توسۇپ قالالمايتتى.

ھەممە ئىشلارنى جاي جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەييارلىقنى پۈتتۈرگەن مۇسا سايرامى ياخشى كۈن، ياخشى سائەتنى تاللاپ، تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئاقسۇغا يېتىپ بارغان مۇسا سايرامى ئۆزىگە تەكلىپنامە ئەۋەتكەن دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بىر نەچچە ۋاقىت زىيارەت، سۆھبەتلەردە كۈننى ئۆتكۈزدى.



بۇرادەرلەرنىڭ موللا مۇسانى ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىشىدا قەدىردانلىقتىن بۆلەك، يەنە بىر مۇھىم سەۋەبمۇ بار ئىدى. ئۇلار موللا مۇسانىڭ ئىستىداتىنى ياخشى بىلىشەتتى. ھەممەيلەن كۇچالىق خوجىلارنىڭ قوزغىلاڭدىن بۇيانقى 40 يىل مابەينىدىكى نادىر ۋەقەلەرنىڭ بىرەر ساھىپ قەلەم تەرىپىدىن يازمىغا ئېلىنىشىنى، ئەۋلادقا، تارىخقا قېلىش ئىستىكىنى ئىستەيتتى. مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئەنە شۇنى ئويلايتتى. شۇ يىللاردا، ئاقسۇنىڭ ياقۇپ بەگ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەنسەپدارى مۇھەممەت ئىمىن باي ئاقساقال دادخاھ بىننى مۇھەممەت ئالىمباي مەرغۇلانى دېگەن كىشىمۇ ئەنە شۇ قۇتلۇق ئىشنىڭ تەشەببۇسكارى ئىدى.

موللا مۇسا ئاقسۇغا كېلىپ، جايلىشىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىن دادخاھنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر نەچچە جان دوست ـ بۇرادەرلەر، پېشقەدەم يارۇ ئاشنالار موللا مۇسا سايرامىنى مەسلىھەت دەستۇرخىنىغا تەكلىپ قىلىشتى. كۆپچىلىك مەسلىھەتلەشكەندەكلا، بىر ئېغىزدىن مۇسا سايرامىغا يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تەلەپنى ئىزھار قىلىشتى.

— ھۆرمەتلىك موللا مۇسا بۇرادەر، — دەپ سۆز باشلىدى مۇھەممەت ئىمىن دادخاھ، — سىلى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە راشىدىن خوجا، ياقۇپ بەگلەر دەۋرىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرگە ئارىلاشتىلا، كۆپ ئىشلارنى كۆردىلە. شۇ قىسسەلەردىن كاتتىراق بىرەر نەرسە پۈتۈپ ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇرۇپ كەتسىلە، پانىي ئالەمنىڭ قالمىش ۋاقتىنى غەنىيمەت بىلىپ، تەڭرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جىنىنى پىدا قىلغان شېھىتلەرنىڭ ئىش ـ

پائالىيەتلىرىنى توپلاپ بىرەر يارامىلىق كىتاب قىلغان بولسىلا، ئىككى ئالەم ساۋابىنى تاپار ئىدىلە، ھەدىس شەرىپتە «باشقىلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا دالالەت قىلغۇچىلار، شۇ ئىشنى قىلغۇچىغا ئوخشاش ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ» دېيىلگىنىدەك، مەنمۇ بۇ خاسىيەتلىك ئىشنىڭ شاراپىتىدىن بەھرىمەن بولسام!.

مولla مۇسا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تەڭقىسلىقتا قالدى. ياق دەي دېسە، بىھۆرمەتلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭمۇ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرى، ئارزۇسى بار، ھۆرمەتلىك ئۇستازى مولla ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ سۆزى، تىلەكلىرى يادىدىن ئۆچكىنى يوق. ھەئە دەي دېسە، بۇ بىر مۇشكۇل خىزمەت، ھۆددىسىدىن چىقماق ئاسان ئەمەس.

سورۇن ئەھلى مولla مۇسا سايرامىنىڭ ھېسسىياتلىرىنى بىلگەندەك ئۇ ئۇياقتىن، بۇ بۇياقتىن دالالەتلىك خىتابلارنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. «خىزمەت سىلىدىن، مەدەت بىزدىن» دېيىشتى. مولla مۇسا تەقۋا كىشى ئىدى. يۇرت چوڭلىرى، ھۆرمەتلىك ئۆلىمالارنىڭ تەلەپ ئىلتىجالىرى، خۇسۇسەن ئۇلار شىپى كەلتۇرگەن «ياخشى ئىش قىلغۇچىغا تەڭرىم زور ئەجىر بېرىدۇ، كىشىلەرمۇ ياخشى سۈپەت بىلەن ئۇلارنى ماختايدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ دالالىتى بىلەن ئاخىرقەتئىيەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، سورۇن ئەھلىنىڭ قەلبىنى شادلىققا چۆمدۈردى.

سۆزنى قىلماق ئاسان، ئىشنى قىلماق تەس. يۇرت چوڭلىرى ۋە بۇرادەرلەرنىڭ ياخشى كۆڭۈللۈك دالالىتى بىلەن زور ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان مولla مۇسا سايرامى



نەچچە كۈنلەرگىچە گەۋدىسىنى تاغ بېسىپ تۇرغاندەك سېزىپ يۈردى. كاللىسىدىن كۈرمىڭ خىيال، ئەندىشىلەر كەچتى. بىراق ۋەدىلەر بېرىلدى، ئوق ئېتىلدى. ئەمدىكى ئىش ۋەزىپىنى ئادا قىلماقتىن ئىبارەت ئىدى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئىشلار ئۆز قېلىغا چۈشتى. مولla مۇسانىڭ قەلبىمۇ تىنچلاندى. ياراتقۇچى ئۇنىڭغا غەيرەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە يېزىلغۇسى كىتابى ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا، بەتەپسىل پىلان قۇرۇشقا باشلىدى. بارلىق كىتاب يازمىلىرىنى سايرامدىن ئىبلىپ كەلگەنىدى. جىمى ھۆججەت، خاتىرە يازمىلىرىنى يايدى. پىكىرگە، تەپەككۇرغا چۆمدى. ئاخىر ئۇ ئۆزىگە ئۈچ تۈرلۈك ۋەزىپىنى نىشان قىلدى. بىرىنچىسى، بارلىق قول يەتكۈزەلەيدىغان تارىخنامىلەرنى يىغىپ، ئىزدەپ تېپىپ، بىر باشتىن ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىش، ئۆرنەك ئېلىش. ئىككىنچىدىن، قول ئىلكىدىكى جىمى يازمىلار، خاتىرىلەر، ئەسلەتمىلەر ۋە تەقلىتتىكى ھۆججەتلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇش، ھەر خىل ھېكايەت، رىۋايەت، ئۇچۇرلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق. ئۈچىنچىدىن، كېرەكلىك ماتېرىياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەلۋەتتە كەڭ كۆلەملىك قىسمىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەپەر كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، جاپالىق زىيارەت، ئىزدىنىش يولىغا قەدەم تاشلاش. ئۆز پىلانىنى ئەنە شۇ تەقلىتتە رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، مولla مۇسا ئالدى بىلەن كۈندۈزلىرى يېقىن ئەتراپتىكى شاھىتلار، زىيارەت نۇقتىلىرىنى جىدەللەپ ئىزدەش، كۆرۈش، سۆزلىشىش قەلەمگە ئېلىش، ئاخشاملىرى بولسا تارىخىي كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي

تارىخى، خوجىلار تارىخى، ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار تارىخى ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمى، بەتەپسىل تونۇشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، بارلىققا كېلىش ئالدىدىكى زور ھەجىملىك، تۈنجى تارىخى كىتابنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئالدىغا بېرىلىۋاتقان بەدەل، بۇ يولدىكى جاپالىق، قۇتلۇق ئىزدىنىشلەرنىڭ باشلانمىسى ئىدى، كېيىنكى ئىزدىنىشلەر ۋە ئۇنىڭ ئەجرى، مېۋىسى ھەققىدە خەۋەردار بولۇشنى ئىستىسىڭىز، قىسىسمىزنىڭ كېلەركى بابىغا نەزەر تاشلاڭ.



# ئەمىنلىك تارىخى

## ئاقسۇ

موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق كىتابىدا «موغۇلىستان» دەپ ئاتىغان يەتتە شەھەرنىڭ تۆتىنچىسى، ئەدىبنىڭ ئانا يۇرتى ئاقسۇ، بۇ قەدىمي يۇرت ئۆز باغرىدا ياتقۇزغان مەشھۇر شەخسلىرى بىلەنمۇ داڭلىق.

ئاقسۇنىڭ ئايكۆل يېزىسىدا مەۋلانە جالالىدىن كېتكى دېگەن زاتنىڭ زىيارەتگاھ مازىرى بار، بۇ كىشى خوجا ھاپىز كەبىر بۇخارىنىڭ نەۋرىلىرىدىن دېيىلىدۇ. ئاقسۇ زېمىنىدا يەنە ئىمام بەتتالى غازى ناملىق بۇزرۇكۋارنىڭ مازىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىنى ئىمام ئابدۇراخمان ئەلىۋى، يەنى ھەزرىتى ئەلى كەرىمە ھۇللاھۇ ۋەجمۇنىڭ ئوغلى، ئىمام مۇھەممەتھەنىپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەۋرىسى دەپ زىكرى قىلىدۇ. يەنە پەرغانىدىن كېلىپ، مىلادىيە 1869 ـ يىلى ئاقسۇدا ۋاپات بولغان ئوبۇلھەسەن ھەزرىتىم دېگەن زاتمۇ بار. . . چىنلىق، رىۋايەت تۇسىدە ئاقسۇ شەجەرىسىگە پۈتۈلگەن چوڭ ـ كىچىك دەرىجىدىكى زاتلار ۋە ئۇلارنىڭ مەقبەرە، زىيارەتگاھلىرى ئۇستىدە ئارتۇقچە توختالمىساقمۇ بولار. . . . .

بۇنىڭدىن دەل 98 يىل ئىلگىرى، تۇمۇز ئىسسىقى بىلەن ھالسىراپ نەپەس ئېلىپ تۇرغان ئاقسۇ شەھىرىنىڭ

جەنۇبىدىكى بىر خىلۋەت مەھەللىدە، قۇتىدەك تار، ئەپچىل ھويلىنىڭ توپا تاملىق، كونىرىغان دالان - ساراي ئۆيىدە، ياشىنىپ قالغان بىر كىشى ھۆپۈلدىگەن ئىسسىقنى تۇيمىغاندەك ياكى پەرۋا قىلمىغاندەك ھالەتتە ئەپچىل تاختا شىرە ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ پۈتۈن ئىشقى - يادى بىلەن قومۇش قەلەمنى غىچىرلاتماقتا ئىدى. ئۇ پەقەت پات - پات قومۇش قەلەمنى بىر ھالەتتە، ئاۋايلىغاندەك، دۈۋەتكە ئاپىرىپ پاتۇراتتىدە، دەل شۇ چاغدا يەنە سول قولى بىلەن سول مەڭزىنى سىيپاپ قوياتتى. يوغانمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، چىرايلىق بېشىدا يەڭگىل دوپپىسى ئاقارغان چاچلىرىنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى گويا «باشقىلارغا كۆرسەتمەيچۇ» دېگەندەك يېپىپ تۇراتتى. يوغان قۇلاقلىرىدىن بويلاپ تاكى ئېڭىكىگىچە قويۇق، يېرىك ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتى ئالدىدىكى يېرىك تارىخى ئەسىرىنى پۈتتۈرمىگۈچە ساتراشقا بارماسلىقنى ئەمەل قىلغاندەك، ھەممىنى ئۇنتۇغان موللا مۇسا سايرامىنى تېخىمۇ قېرى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ياق، قېرىلىق تۇرقى ئادەمنىڭ بەدىنى، تۇرقى، جىسمىدىلا كۆرۈنىدۇ. ئىزگۇ نىيەت، يۈكسەك ئىرادە بىلەن قۇتلۇق ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭلى، ۋۇجۇدى بولسا ياپ - ياش ۋە ھارماستۇر. مانا بۇ تاپتا ئەل ئۇيقۇغا چۆككىنى نەۋاق، مۇسا سايرامى بىر ماۋزۇنى ئاخىرىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن قومۇش قەلەمنى دۈۋەتنىڭ يېنىغا قويدى - دە، سەل ئۆرىدىنىپ بېلىنى رۇسلىغاچ، قەلەم تۇتقان قولىنىڭ بېغىشىنى سول قول ئالىقىنى بىلەن مەھكەم سىقتى، ئۇۋۇلىدى، كېيىن مەمنۇنىيەت بىلەن ئۆپچۆرىسىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى



بەتلىرى ئېچىلغان ئارىسىغا خەتكۈچ قىستۇرۇلغان كىتابلار، قولىيازمىلار، ئاللىقانداق چوڭ - كىچىك ھۆججەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئېگىسىنىڭ ئەتراپىدا قالايمىقان چېچىلىپ، تىزىلىپ يېتىشى، گويا قوماندانىنىڭ ئەتراپىدا گىرەلەشمە جەڭگە چۈشۈپ كەتكەن لەشكەرلەرنى ئەسلىتىدۇ. موللا مۇسا سايرامى سەل نېرىدا كونىرىغان، ئۆڭگەن گىلەم ئۈستىدە پۈكلىنىپ ياتقان دۈگىلەك ياقىلىق كەمزۇلىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن بىر يېقىن بۇرادىرى قازاندىن ئالغاچ كەلگەن قاپقاقلىق، رىم رەقەملىق يانچۇق سائىتىنى ئالدى. قاپقاقنى ئېچىپ، كۆزلىرىنى قىسىشتۇرۇپ سائەتكە قارىدى. سائەتنىڭ يىڭنىلىرى ئىككىدىن چارەكنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يەنە تۇنۇگۇنكى كېچىدىكى مەزگىلدە سائەتكە قاراپتۇ، بامداتنى ئۆتەپلا ئارام ئالغۇلۇق، مۇشۇنداق بولۇۋاتقىنى نەچچە ھەپتە، نەچچە ئايلار بولدىكىن! . . . مۇسا سايرامى ئوڭ تەرىپىگە قول سوزۇپ، بۈگۈنكى ھاسىلاتنى - بىر توقاي قەغەزنى ئالدى. رەتلەپ، ساناپ باقتى. 57 ۋاراق، تۈنۈگۈن ئاخشامقىدىن كۆپرەك. ئۇنىڭ ئۆسۈك ساقاللىق چىرايىنى سۈس تەبەسسۇم چۈلغىدى. سول قولى بىلەن مەڭزىنىڭ بىر تەرىپىنى يېنىك سىپاپ قويدى.

مۇھەممەد ئىمىن باي دادخاھ ۋە باشقا جان - دوست، بۇرادەرلىرى، پېشقەدەم يارۇ ئاشنالىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، يەنە شۇلارنىڭ دالالىتى بىلەن قۇتلۇق بىر خىزمەتنى قولىغا ئالغان مۇسا سايرامى 28 يىللىق ھاياتىنى يېزىلغۇسى يېرىك تارىخي ئەسىرىنىڭ ئىزدىنىشىگە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭدا بالىلىقتىن تارتىپ بىر

مىجەز، قىلغان ھەرقانداق ئىشقا پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، ئەستايىدىل ئىزدىنىدىغان ئادەت يېتىلگەنىدى. ئۆزىنى ھەمىشە كەم كۆرۈش يەنە بىر مىجەزى ئىدى. «تارىخىي قىسسە يېزىشنى تىلغا ئېلىش تولىمۇ ئاسان، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئەمما بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق مۇشكۇل. راستىنى يازماقتىن يالغاننى توقۇماق ئوڭاي، راستىنى يازغانكەنسەن دېمەك ئۇنىڭغا راستىن چىندىن، نۇرغۇن ئەجىر قىلىشىڭ زۆرۈر. ئەكسىچە بولۇپ قالسا جانابىي ئاللا ئالدىدىمۇ، دالالەتچى دادخاھ، ئاشىنالار ئالدىدىمۇ، خۇللاس، ئاۋام، تارىخ ئالدىدىمۇ قارايۈز بولىسەن. ئېبارا پەرۋەردىگارا، ئاجىز بەندەڭنى تۇپراقنىڭ زەررىسىدىنمۇ خار موللا مۇسانى جەننەت پاناھگاھىدىن بىرىسقى قويمىغايسەن! » شۇ خىياللار بىلەن ئۇ نۇرغۇنلىغان يىللارنى ئىزدەش، ئىزدىنىش، ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئەسلەش، خاتىرىلەش، سېلىشتۇرۇشلار بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ خۇسۇستا غەربتە قەشقەر، شەرقتە تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى بىر قانچە يىل ساياھەت قىلدى، مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەرنى توپلىدى. ئالدىنقى بابتا توختالغاندۇق. . . ئاخىرقى يىللاردا يەنە ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ خىلۋەت، كىچىككىنە ھويلىغا مەھكۇم چۆكتىدە، ئۈن ـ تىنسىز تەھلىل، تەتقىقات ئىشلىرىغا قول ئۇردى. يىللار ئۆتكەنسېرى، ئىزدەنگەنسېرى، ئۆگەنگەنسېرى ئۇنىڭ كاللىسىدا يېزىلغۇسى كاتتا ئەسىرىگە نىسبەتەن بىر شەكىل، ئىزنا، قۇرۇلما پەيدا بولۇۋاتاتتى، ھۆججەت، دەلىللەر كۆپەيگەنسېرى يۈرىكىدە مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا نىسبەتەن بىر خىل ئىشەنچ، ئىرادە تۇغۇلۇپ،



مۇستەھكەملىنىپ بارماقتا ئىدى. پات ـ پات چۈشىدە ئۇستازى موللا ئوسمان ئاخۇنۇم زاھىر بولۇپ قالاتتى. چۈشىدە ئۇستازىنىڭ قاپىقى ھامان سىلىق ئىدى. بەزىدە مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىمۇ چۈشىگە كىرەتتى. بىر قېتىم ئاتىسى موللا ئەيسا مۇسا سايرامىنى توغايلا ئۆستەڭنىڭ تار كۆۋرۈكىدىن قولتۇقىنى يۆلەپ ئۆتكۈزۈپ قويدى. 65
ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان موللا مۇسا سايرامى ئەتىسى تەنھالىقتا كىچىك بالىدەك ئىسەدەپ، يۈرىكى ئېزىلىپ يىغلىدى. جىمىكى مەرھۇملارغا ئاتاپ ئۇزۇن مۇڭلۇق قىرائەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى يەڭگىللەپ قالدى. ئىشلىرىغا تېخىمۇ قەتئىيەت بىلەن كىرىشتى. ئۇنى ئەرۋاھلار يۆلەۋاتاتتى.

مۇسا سايرامى كۆپىنچە قەلەم ئېگىلىرىگە ئوخشاش يېزىلغۇسى تارىخ ئەسىرىنىڭ نامىنى ئالدى بىلەن بېكىتمىۋالمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا «موغۇلىستان تارىخى» دېگەن كەڭ كۆلەملىك، مەۋھۇم بىر ئاتالغۇلا بار ئىدى. پەقەت ئۇ كىتابىنىڭ تەخمىنى ھەجمى، نەدىن باشلاپ، نەدە ئاياغلاشتۇرۇش ۋە باب، بۆلەكلەرنى ئالدىن ئويلاشتى، تەخمىنى پىلانلاپ، قەلەمگە ئالدى. توپلىغان ماتېرىياللىرىنى شۇ بويىچە رەتكە تۇرغۇزدى.

ئىككىنچى قەدەمدە مۇسا سايرامى يىللاردىن بېرى كاللىسىدا تۇرغۇزۇلۇپ بېرىۋاتقان ئەندىزە بويىچە كىتاب ئۈچۈن ئىزچىللىقتا ئىگە بىر تەپسىلىي تىزىسنى تۈزۈشكە كىرىشتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، تارىخىي تېما مەسئۇلىيەتچانلىقى بەك ئېغىر، ئىنچىكە تېما ئىدى. دەۋرلەر يىللار بوراندەك ئۆچۈپ كەتتى. لېكىن، شۇ

دەۋرلەر، يىللارنىڭ جىمى جانلىق، شاھىدلىرىدىن ئەسەر قالغىنى يوق. جانسىز شاھىدلار ـ قەسىرلەر، ئىمارەتلەر، ئۆڭكۈرلەر، كىيىم ـ كېچەك، قوراللار. . . بەزىلىرى بار، بەزىلىرى يوق، بارلىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تىلى يوق ئۇلار ھەققىدە يەنىلا ئادەملەر سۆزلەيدۇ. يالغان سۆزلىسىمۇ، راست سۆزلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ، ھۆكۈمدار سىنىپلار ئۆز مەنپەئىتى يولىدا راستىنى يالغان، يالغاننى راست قىلىپ سۆزلەشلىرى ئېھتىمال. تارىختا بۇنداق مىساللار بولغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولىدۇ. لېكىن، مۇسا سايرامى ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇ يۇرتىنىڭ، خەلقىنىڭ ئەجرى، ھىمايىسىدە يېتىلگەن ئوغۇل ئىنساپلىق، ۋىجدانلىق ئەلنىڭ، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتى، شۇڭا جەزمەن تارىخنى يازغاندا چىنلىقنىڭ ھەقىقەتنىڭ كۆزى، ئېغىزى بولۇشى كېرەك. . . شۇڭلاشقىمىكىن، مۇسا سايرامى تۇنجى يىرىك تارىخنامىسىنى، پات ـ ئارىدا تاماملاپ ئەزىز خەلقىگە، دۇنيا مەنىۋىيەت خەزىنىسىگە تەقدىم ئەتكۈسى ئەسىرىنى يېزىشتا ئالدىرىمىدى، ئىجتىھات قىلدى. ئەرزىيەت چەكتى، ئۆز بىلىمىنىڭ ئازلىقىدىن، قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقىدىن زارلاندى. بۇلار ئۇنىڭ خىسلەتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ يەنە ئاستا ـ ئاستا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

مۇسا سايرامى مول بىلىم، ھۆججەتلىك، ئۇزۇن ۋاقىت بەتەپسىل تەييارلىق ئارقىسىدا قولىغا قەلەم ئالغاچقا، بارغانسېرى زېھنى، پىكرى ئېچىلىپ، قەلىمى يۈگۈرۈك ئاتتەك چېپىپ كەتتى. ئۇ كىتابنى «سۆز بېشى»، «مۇقەددىمە»، «داستان»، «خاتىمە» دېگەن چوڭ ـ كىچىك قىسىملارغا بۆلدى.



«سۆز بېشى» ـ كىتابنىڭ بەت ئاچار مۇھىم قىسمى. مۇسا سايرامى قەلەم تۇلپىرىنى قەغەز دالاسىغا يۈگۈرتكەن تۇنجى كۈنىدىلا نۇرغۇن ھەمدۇ سانالاردىن كېيىن مۇنۇ قۇرلارنى پۈتتى: «. . . ياخشى ئىشقا تەڭرىم كاتتا ئەجىر ئاتا ئېتىدۇ، خالايىقمۇ رەھمەت ئېيتىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بويىچە، كەمىنە ئاز تولا بەھرە يېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئارزۇ بىلەن ئىشەنچلىك تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، بىلگەن، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ، مۇجمەل، پارچە ـ پۇرات ھېكايە، قىسسە، رىۋايەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ، راست ۋە ئېنىقلىرىنى تاللاپ، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

«مۇقەددىمە» ئۈچ بابتىن تۈزۈلدى. ئاپتور بۇ بابلاردا كىتابخانلارنى يەتتە شەھەر (جەنۇبىي شىنجاڭ) ھەققىدىكى مول تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىر قىسمىغا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆزى ھەمدا شاھىت ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىگىلىگەن مول جۇغراپىيىۋى، تارىخىي بىلىملەر بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى ھەققىدە، تۇغلۇق تىمۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخى ھەققىدە، كېيىنكى چاغلاردا سىياسىي مەقسىتىنى كولاپ، جەندە بىلەن يوشۇرۇپ، بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەن نەمەڭگانلىق خوجىلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى

توغرىسىدا، ھىدايىتوللا ئىشان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن يېغىلىقلار، ئىشان سوپىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى جاھالەتتە قالدۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇنۇشلىرى، چىرىك مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغالغان رەھمىتۇللا بەگ، ئەھمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى ئۇچتۇرپان «جىگدە يېغىلىقى» توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى.

«داستان» قىسمى بىرىنچى داستان، ئىككىنچى داستان، دەپ چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. مۇسا سايرامى بۇ ئىككى قىسىم داستانغا ئاساسىي يۈرەك قېنىنى تۆكتى. بىرىنچى داستاندا بۈيۈك تەيپىڭ - تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە، 1884 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مانجۇلار ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى پارتلىغان خەلق قوزغىلاڭلىرى بىر - بىرلەپ بايان قىلىنىدى. ئىككىنچى داستاندا مۇئەللىپ مەخسۇس ياقۇپ بەگ ئۈستىدە توختالدى ھەمدە ئۇنىڭ يەتتە شەھەردە قىلغان ئەتكەنلىرى، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى بەتەپسىل بايان ئەتتى.

بۇ ئىككى قىسىم داستاندىكى ۋەقەلىكلەر، مۇسا سايرامىنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، تارىخنىڭ بۇ قىسمەتلىرىنى ئۇ كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. شۇڭا، بۇ ئۇزۇن سەترلەردە ئۇنىڭ ھېسسىياتى، پىكرى، بايانلىرى بۇلاق سۈيىدەك بۇلدۇقلاپ تۆكۈلدى، قەلىمىمۇ بەيگە چىملىقىدىكى تۇسۇن ئارغىماقتەك تاراسلاپ چاپتى. كىتابنىڭ «خاتىمە» قىسمىدا مۇئەللىپ يەتتە شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن ئومۇمىيۈزلۈك مەلۇمات



بېرىپ، يىرىك، تۇنجى تارىخىي ئەسىرىنى ئاخىرقى قۇرلارغا يەتكۈزدى.

ھىجرىيە 1302 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1903 - يىلى ماھى رەجەپنىڭ 11 - كۈنى، تاڭ سەھەر، بۇ كۈندىكى بامدات نامىزىنى مۇسا سايرامى كۈنلەردىكىدەك بىر كەيپىياتتا ئوقۇدى، ناماز ئاخىرىدا، ئۇزۇن يىللىق ئەمگىكى ۋە زىممىسىدىكى ئېغىر ۋەزىپىگە ئاسانلىق، تۈگەللەش بەخت ئاتا قىلغان تەڭرىگە ھەمدۇسانا بىلەن دۇئا قىلدى. جايىنامازنىڭ يېنىدىلا، شىرە ئۈستىدە ۋە يەردە توپ - توپ قەغەزلەر، پۈتكەن يازمىلار بۇ پېشقەدەم ئەدىبنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغاندەك يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇزۇن كۈنلەر تىنىمسىز داۋام قىلىنغان ئىجادىي ئەمگەكتىن سارغايغان، ئورۇقلىغان مۇسا سايرامىنىڭ كۆڭلى شۇ تاپتا ياش يىگىتتەك چاپچىپ تۇراتتى. دۇئادىن كېيىن ئۇ، سەھەرنىڭ، كەچ كۈز سەھىرىنىڭ سوغۇقىدا جۇغرۇققان بەدىنىگە يېپىنچا ئارتتى، كېيىن شىرەدىكى، يەردىكى قولىيازمىلارنى يىغىشتۇرۇپ، رەت - رېتى، بەت - بېتى بويىچە تۇپلەپ چىقتى. كېيىن قولىيازما ئارىسىدىن بىر نەچچە بەتلىك «سۆز بېشى» نى ئايرىۋېلىپ، سەھەرسىرى يورۇقى ئاجىزلىغىلى تۇرغان چىراغ يېنىغا ئەكېلىپ، ئۆزىمۇ چىراغ قويىنىغا سۈرۈلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەس - يادى كىتابنىڭ، مۇشەققەتلەر، ئەجىرلەر بىلەن پۈتكەن بۇ يىرىك ئەسىرىنىڭ ماۋزۇسىدا ئىدى. كىتاب تاماملىنىشقا يېقىنلاشقان ۋاقىتلاردىن تارتىپ كاللىسىغا بىر پىكىر كىرىۋالغان، كۈندىن - كۈنگە كۆڭلىگە ماقۇل كېلىشكە باشلىغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ ئاخىرقى قارارغا كەلدى. كۆڭلى ئەمىن تاپقان

بىر كەيپىياتتا، «سۆز بېشى» نىڭ ئاخىرىغىراق قومۇش قەلىمى بىلەن «بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بۇ يۇرتلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، پاراكەندىچىلىك ئۆگەپ، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك قارار تاپقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابنى «تارىخى ئەمىنىيە» دەپ ئاتىدىم» دېگەن قۇرلارنى جۈملە ئارىسىغا قوشۇپ پۈتۈپ قويىدى.

«تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ پۈتۈشى ئەينى چاغدىكى دالالەتچى ھەقەمسايىلەردىن بۆلەك، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلىقى ئادەمنى خۇشال قىلدى. گەرچە ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا[1]» ، «دەربايان ئەسھابۇل كەھەپ[2]» دېگەندەك بىر مۇنچە تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن «تارىخى ئەمىنىيە» دەك بۇنداق تېمىسى كاتتا بايان ئېتىلگەن، دەۋرى ئۇزۇن، ۋەقەلىكلىرى مول يىرىك تارىخىي ئەسەر زامانىسىدا كەمدىن - كەم ئىدى. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن مۇسا سايرامى ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى ۋە يېزىقچىلىق ئىجتىھاتى ئۈچۈن دېگەن شىجائىتى، مۇھەببىتى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى.

ئاردىن بىر يىل ئۆتتى. يېڭىدىن - يېڭى ئىجادىيەتلەر قوينىغا غەرق بولغان موللا مۇسا سايرامىغا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاجايىپ كارامەت كاتتا خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى. «تارىخى ئەمىنىيە» يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن ئاقسۇدىكى دوست - ھەمكارلىرىنىڭ يەنە بىر دالالىتى، پاردىمى ئارقىسىدا كىتابىنىڭ نەشرى ھەققىدە ئىزدەنگەن، ئاقىۋەت

[1] «ئەۋلىيا تەزكىرىسى» مىلادىيە 1885 - يىلى يېزىلغان.
[2] «ئەسھابۇل كەھەپ ھەققىدە بايان» مىلادىيە 1898 - يىلى يېزىلغان.



قازان شەھىرىنىڭ «مەدرىسە ئۈلۈم» باسمىخانىسى بىلەن ئالاقە باغلىغانىدى. ئەينى چاغدىكى روس تارىخچىسى نىكولاي پانتۇسوۋ بۇ يىرىك يېڭى تارىخىي ئەسەردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ كىتابقا ناھايىتى قىزىقتى ۋە قەدرىگە يېتىپ دەرھال خېرىدارلىق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ 1904 - يىلى «مەدرىسە ئۈلۈم» بۇ كىتابنى تېز سۈرئەتتە نەشردىن چىقىرىپ، تارقاتتى.

مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىكى ھويلىسىدا زور ھەۋەس ۋە خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن پانتۇسوۋ ئەۋەتكەن، يېڭىلا نەشردىن چىققان «تارىخى ئەمىنىيە» نى ۋاراقلىماقتا ئىدى. چاققانغىنە شىرە ئۈستىدە يەنە 25 دانە، دەستىلەكلىك مەزكۇر كىتاب، ئاددىيغىنە ھەميانىدا بولسا پانتۇسوۋ 25 كىتاب بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەن 25 تىللا تۇراتتى.

كۆڭلىنى شادلىققا قوچقان مۇسا سايرامى قومۇش قەلىمىنى دۈۋەتكە پاتۇرۇپ، نىكولاي پانتۇسوۋقا مىننەتدارلىق خېتى يېزىشقا تۇتۇندى[1].

ئاقسۇ موللا مۇسا سايرامىغا - ئۆز ئەسرىدە قەدىمىي يۇرت تەزكىرىسىنى چىن، سەممىي ۋە ئۇمۇمىي جەھەتتىن بايان قىلغان، يەنە بىر ئىجتىھاتلىق، ئىستىداتلىق پەرزەنتكە، شۆھرىتى كېيىنكى ئەسىرلەرگىچە تىلدىن - تىلغا قىسسە بولۇپ قالىدىغان ئەزىمەت بىر ئوغلىغا ئىگە بولغانىدى. مەۋلان جالالىدىن كېتكى، ئىمام بەتتالى غازى

[1] بۇ خەت 1957 - يىلى ئالمۇتىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىگە ئاپتورنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسى بويىچە بېسىلغان. بۇ گېزىت ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

ۋە ئوبۇلھەسەن ھەزرىتىملەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر راستمۇ ياكى ئەمەسمۇ، قەلىمىمىز بۇ ھەقتە ئارتۇق توختالمايدۇ، ئەمما موللا مۇسا سايرامىدىن ئىبارەت بۇ قەلەم غەيرەتكارى، ئىلىم ئىجتىھاتچىسىنىڭ يۇرت ۋە خەلق قەلبىدە يىلتىز تارتىپ، تاكامۇللىشىشىغا يۈزلەنگەنلىكى ھەق، راست ئىدى.



## 19 ـ ئەسىردىكى «ئەلىشىر نەۋائى»

«تارىخى ئەمىنىيە» نەشردىن چىقىپ زور غۇلغۇلا قوزغىدى. بۇ ئەسەر — مىرزا ھەيدەر قەشقەرىنىڭ 1531 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ نامىغا بېغىشلاپ يازغان داڭلىق ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» دىن كېيىن قالسا، شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، يەر، جاي ئىسىملىرىنىڭ مەناسى، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى، ھەر بىر شەھەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى قاتارلىق كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىردىنبىر ئەسەر ئىدى. تەتقىقاتچىلار شۇنداق قارايدۇكى، بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، مۇئەللىپنىڭ تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىپ، تەرەققىيپەرۋەر رېئاللىق نۇقتىئىنەزىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدە.

لېكىن، تەلەپچان ۋە كەمتەر مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» نەشر قىلىنىپ، رەسمىي مەتبەئە باسمىسىدا بېسىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن[1]، تېخىمۇ سەگەكلەشتى ۋە كىتابنىڭ مۇكەممەللىكى ئۈستىدە باشقىدىن ئويلاشتى. «ماختاشلار ئۇتۇقنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئىلھامدىن

① مۇسا سايرامىنىڭ بۆلەك نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى ھازىرغىچە قولىيازما ھالىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن. پەقەت يېقىنقى يىللاردا «تارىخى ھەمىدىي» ۋە بىر بۆلۈك شېئىرلىرى مەتبەئە يۈزى كۆردى.

دالالەت — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئامما ئۇتۇق بار جايدا، كەمچىلىك، سەھۋەنىڭمۇ قاتار ئۇۋىسى بولىدۇ. ئىزدەنگۈچىلەرئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇتۇقتىن ئاۋۋال كەمچىلىككە كۆز تىكىش، كەمچىلىكلەرگە نىسبەتەن تۈزىتىش، تولۇقلاشنى مەقسەت قىلماق ۋە بۇ يولدا تەكرار ئەجىر سىڭدۈرمەك ئەخلاقتىن ۋە ئەقىلدىن بىشارەتتۇر».

«تارىخى ئەمىنىيە» رەسمىي بېسىلىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن ماختاش مەدھىيىلەرنى ئاڭلىغاندا، ھەتتا بەزىبىر زاماندىش شائىرلار كىتابقا ۋە مۇئەللىپكە بېغىشلاپ ئۇزۇن، تىلى چۈشىنىكسىز قەسىدىلەرمۇ يازدى. دەر-ھەقىقەت، ئايرىم ئىلىم تەھسىلچىلىرى، شاھىتلار كىتابنىڭ بەزىبىر جايلىرى ھەققىدە ئۆزگىچە پىكىر، تەھلىللىرىنى يۈرگۈزۈشكەنىدى. مۇسا سايرامى ئالدى بىلەن شۇنداق سادالارغا نەزەر ئاغدۇردى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كىتابنىڭ ئايرىم باب، ئايرىم جايلىرىدىن قانائەتسىزلىك ھېس قىلغان، بەزى دەلىللەرنىڭ سەل ئۆزگىچە ۋە ياكى كەم-ئارتۇق پۈتۈلۈپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدى. خۇددى شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ قولىغا تۈركىيىدە چىقىدىغان بىر مەجمۇئە كىرىپ قالدى. «تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ قەدىمىي تۈركىيگىچە يەتكەن ۋە ئۇ يەرلىك بىر تارىخچى كىتاب ھەققىدە تەسىرات يېزىپ، ئەسەرنىڭ ئايرىم جايلىرىغا تەنقىد پىكىر بايان قىلغانىدى. بۇ ھال مۇسا سايرامىنى جىددىيلىك ۋە ئىزتىراپقا سالدى. مەجمۇئەدىكى تەنقىدى قۇرلارنى ئۇ سەمىمىيلىك ۋە كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلدى، دېمىسىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدە «تارىخى ئەمىنىيە» گە نىسبەتەن قانائەتسىزلىك تۇيغۇسى



كىرمەكتە ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق ئىرادە ۋە جەزمگە كەلدى: كىتابنى ئەسلىي ئاساسىدا تولۇقلاپ، پىششىقلاپ، مۇكەممەل قىلىپ قايتا يېزىپ چىقىش كېرەك.

ئارىدىن يەنە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ تۆت يىلدا مۇئەللىپ بۆلەكتىن تارىخ تەتقىقاتى، يېڭىدىن-يېڭى ئىزدىنىشلەردە، ئۆگىنىش، ئوقۇش، سوراپ بىلىش، خاتىرە قالدۇرۇش . . . ھەلەكچىلىكىدە بولدى ۋە ئاندىن «تارىخى ئەمىنىيە» كىتابىغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ، يېڭىۋاشتىن يېزىشقا كىرىشتى. يەنە تۈنلەر تاڭلارغا ئۇلاندى، يەنە تاڭ خەۋەرچىلىرى خورازلار ئويغاق مۇسا سايرامىغا بىكاردىن-بىكار جاكارچىلىق قىلىشتى، يەنە تالاي دۇۋەتلەر ئالمىشىپ، تالاي قومۇش قەلەملەر يەڭگۈشلەندى. يىللار رەھىمسىز قوللىرى بىلەن تارىخچىنىڭ بەدىنىگە ئىزلىرىنى قوندۇرىۋەردى. نىھايەت، 1908-يىلىنىڭ يەنە بىر تومۇز ئېيىنىڭ 18 دە، ھەجمى زورايغان، مەزمۇنى تولۇقلانغان «تارىخى ھەمىدىي» دەپ نام قويۇلغان يېڭى ئەسەر، مۇكەممەل تارىخى قىسسە ۋۇجۇدقا كەلدى[1].

مۇسا سايرامىنىڭ ئاقسۇدىكى يېقىن يار-بۇرادەرلىرى ۋە ھەقەمسايىلىرى ئەدىبنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق، كاتتا ئەمگىكىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار موللا مۇسانىڭ

① مۇسا سايرامىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلگەن مەزكۇر ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىرجۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. كىتاب ياتلىق گېزىت ۋە قەغەزىگە يېزىلغان بولۇپ، ماۋزۇلىرى قىزىل سىيادا، مەزمۇنى قارا سىيادا قومۇش قەلەم بىلەن نۇسخە تەئلىق ئۇسلۇبىدا مىلادى 1911-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى تاماملاپ كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 399-بەت. ھەر بەتكە 15-18 قۇردىن خەت يېزىلغان، ئېيتىشلارچە ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۆز قەلىمى بىلەن 5 نۇسخا كۆچۈرۈپ، تارقاتقان.

ئەھۋالىدىن، پات ـ پات خەۋەر ئېلىشىپ، يېزىقچىلىق مەزگىللىرىدىكى مەئىشىتى، كەم ـ كۈسىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. «تارىخى ھەمىدىي» نىڭ يېزىلىپ تاماملانغانلىقى ئۇلارنى سۆيۈندۈردى. ئالىمنىڭ جاپالىق، يىرىك ھاسىلاتىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن، بۇرادەرلەردىن بىر نەچچىسى بىر چۈشتىن كېيىنلىكى ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە ھازىر بولدى.

جاپالىق، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەقلىي ئەمگەكتىن كېيىن بىر نەچچە كۈنلەر قېنىپ ئۇخلاپ ئارام ئالغان، ساقال بۇرۇتلىرىنى پاكىز چەكتۈرۈپ ياسانغان مۇسا سايرامى تېتىك، خۇشخۇي قىياپەتتە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى بەش ـ ئالتە ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئېنىقكى، بۇ ئىجادىي ئەمگەكنىڭ شىرىن مېۋىسى تۇپەيلى روھقا قونغان شادلىقنىڭ بەلگىسى، نامايەندىسى ئىدى.

مېھمانلار ئالدىن خەۋەرلىشىۋېلىپ، بىردىن ـ ئىككىدىن يىغىلىپ. كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغاندىن كېيىن موللا مۇسانىڭ ئىنىسى مۇھەممەت خەلىپە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ تارتىپ، ئالدىغا داستىخان سالدى. مەزەلەر تىزىلىپ، چاي قۇيۇلدى. بىر ـ ئىككى پىيالە چايدىن كېيىن بۇرادەرلىرى ئەسلىي مۇددىئالىرىغا كۆچۈپ، مۇسا سايرامىنى يېڭى ئەسىرى بىلەن مۇبارەكلەشتى.

— مۇساخۇن، يەنە بىر چوڭ تاغنى ئۆرىدىلە، مۇبارەك بولغاي.

— ئەمدى ھاردۇقلىرى چىققاندۇ، بەش ـ تۆت زامان ئارام ئېلىپ، تەنلىرىگە قۇۋۋەت يىغسىلا!



— كىتاب ھەققىدە تەپسىلىراق توختالماسىلا قېنى . . .

مۇسا سايرامى مېھمانلارغا يېڭىلا تارتىلغان غىزالاردىن مول ـ مول ئېلىشقا زورلاپ، تەۋەززۇ قىلدى ـ دە، كېيىن دوپپىسى ئاستىدىن قولىنى كىرگۈزۈپ، ئاقارغان يىرىك چاچلىق بېشىنى تاتىلاپ بىر پەس جىم بولدى. كېيىن سىلىق، پەس ئاۋازدا گەپ باشلىدى:

— جاھان دېگەندە بەندىنىڭ ھەرقانداق ئىشنى توققۇزى تەل قىلىپ ئورۇنلاپ كەتمىكى بەك مۇشكۇلدۇر. مۇكەممەللىك جانابىي ئاللاغا خاس خىسلەت. نېمە بولمىسۇن، پەقىرنىڭ بۇ قېتىمقى ئەرزىمەس ئەمگىكى ئالدىنقى كىتابتىن ئاز ـ تولا تەپسىلىيرەك ۋە خاتاسىزراق چىققاندەك قىلىدۇ.

— ئىنشا ئاللا، ـ دېدى مېھمانبەگ، ـ سىلى بۇ ساۋاپلىق ئەجىر يولىدا ئاز ئەزىيەت چەكمىدىلە.

مۇسا سايرامى خىيالچانلىق ئىلكىدە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن «تارىخى ھەمىدىي» نى يېزىشقا «ئەمىنىيە[1]» نىڭ ئەسلىي ئومۇمىي تۈزۈلۈشىنى، يەنى دىباچە[2]، مۇقەددىمە، ئىككى داستان ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالدىم. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئەسلى مەزمۇنىمۇ ئاساسەن ئوخشاش. بىراق، ھەر بىرلىرىگە مەلۇم، «ئەمىنىيە» قازاندا[3]يورۇق كۆرگەندىن كېيىن

① «تارىخى ئەمىنىيە» نى دېمەكچى.
② سۆز بېشى
③ قازان شەھىرىنى دېمەكچى.

پەقىر ئۆزۈمدىمۇ، باشقا ئايرىم خالىس نىيەتلەردىمۇ بەزىبىر پىكىر تەكلىباتلار بولغان، بۇلاردىن كاتتىراقى، تۈركىيە مەتبۇئاتىدا زىكرى قىلىنغان تەنقىددۇر. شۇ تۈپەيلى، «خاتانى ئوڭشاش ئەقىل ۋە ئىماندىن» دېگەن ئىبارىگە ئەمەل قىلىپ، قېرىغان، گۇناھكار گەۋدەم بىلەن بۇ سەھۋەنىمۇ چىن دۇنياغا ئېلىپ كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىماي، ئاۋۋالەن ئاللا - تائالانىڭ ئىلتىپاتى، ئاندىن قالسا سىز دىلكەش ھەمدەملەرنىڭ مەدىتى بىلەن بىر نەچچە زامان ئەجىر گۈلخىنىغا ئوتۇن تاشلاپ، دىلدىكى مۇددىئاغا يەتكەندەك بولدۇم.

مۇسا سايرامى بىر يولى سۆزلەپ، چارچىغاندەك، بىر پەس جىم بولدى. ئالدىدىكى پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، سوۋۇپ قالغان چايدىن «قۇلت» قىلىپ يۇتتى. كېيىن ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام ئەتكەچ، زامانداشلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— يادىڭلاردا بولسا كېرەككى، بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى سىلەر ۋە بۇ يەردە يوقلار، يەنە بۇ يەردە ئولتۇرۇشقا نېسىپ بولمىغانلار (تەڭرىم ئۇلارغا رەھمەت ئاتا قىلسۇن) مېنى ئىنتايىن چوڭ كۆرۈپ، كەمىنەنى قۇتلۇق بىر ئىشقا دالالەت قىلغانىدىڭلار. سىز دىلكەش بۇرادەرلەر ماڭا شۇنداق دېدىڭلار: تارىخ ئىلمى ناھايىتى بىر زور ئىلىم بولۇپ، ئۇ ھەممە پەنلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى ئوقۇش ۋە تارىخ ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇش، ئىنسانغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر. بۇ پەننى بىلىدىغانلار خالايىق نەزىرىدە ئۇلۇغ ھېسابلىنىپ، سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالايدۇ.



«ئەمىنىيە» كىتاب بولۇپ، تارقىتىلغاندىن كېيىن سىز بۇرادەرلەر مېنىڭ كۆڭۈل ھېسلىرىمنى، باشقىلارنىڭ پىكىر - دالالەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق دېدىڭلار: ئەگەر تارىخ ئىلمى بولمايدىكەن، بۇرۇنقى زامانلارنىڭ ئۇزاق ۋە تار شارائىتلىرىدا ياشىغان خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمادۇ. سىز بولسىڭىز بۇرۇنقى زاماندىن بۇ زامانغىچە يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىنى، بولۇپمۇ تۈرك، موغۇل تارىخلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، بېشىڭىزدىن زاماننىڭ ئىسسىق ۋە سوغۇقلىرى تولا ئۆتكەن، ئەمىرائىلەر، ۋەزىرائىلەر ۋە ھاكىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، خۇلقى - مىجەزى، تەبىقە ۋە دەرىجىلىرى قاتارلىق جەھەتلىرىنى بىلىدىغان ۋە ئىلگىرى يازغان ئادەم. شۇڭلاشقا، شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى توپلاپ، يەنىمۇ مۇكەممەل بىر تارىخ كىتابى يېزىپ، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا نىشان ۋە نەمۇنە قىلسىڭىز، يېشىڭىزمۇ 70 تىن ئاشتى، سىزدىن بىرەر ئەسەر - ئالامەت قالسا،

— بارىكاللا، سىز بۇ ئىلتىجا ۋە مۇددىئانى ئادا قىلدىڭىز، - دېدى مېھمانلاردىن بىرى ھاياجان بىلەن.

مۇسا سايرامى ئورنىدىن يېنىككىنە قوزغىلىپ تۇرۇپ، دېرىزە تەكچىسىدە رەتلىنىپ، يىپ بىلەن مىختا تۈپلەنگەن پېتى ياتقان يېڭى قولىيازمىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى ۋە قويۇق خەتلەر بېزىگەن ۋاراقلارنى ئېھتىيات بىلەن ۋاراقلىدى. كېيىن بۇرادەرلىرىگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى:

— بۇ كىتابىمنى بىر نەچچە خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى «تارىخى ھەمىدىي» دەپ ئاتاشنى قارار قىلدىم. . .

ئالىمنىڭ ئاغزىدىن يەنە ئۈنچىلەر تۆكۈلدى. . . مېھمانلاردىن بىرى گەپ ئارىلىقىدا ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

— مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ دائىرىسى قانچىلىك دەرىجىدە بولىدىكىن؟

مۇسا سايرامى تىزىدىكى قولىيازمىنى يەنە بىر يېنىك ۋاراقلاپ ئۆتتىدە، سوئال ئىگىسىگە قارىدى:

— كىتاب موغۇلىستان يۇرتى، يەنە يەتتە شەھەرنىڭ نوھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ بىزنىڭ زامانىمىزغىچە بولغان ئەھۋاللىرى باياندىن باشلىنىپ، فەغفۇرچىنىنىڭ پۇقراپەرۋەرلىك تەرەپتىكى ئادالەت سۈپەتلىرى، زېمىنىنىڭ كەڭرى چوڭلۇقى، ئۇلۇغلىقى، زېمىن دائىرىسى تەرىپى ھەققىدىكى بايانغىچە داۋاملىشىدۇ. خاتىمىسىدە يەتتە شەھەرنىڭ ئەھۋالاتى، ئايرىم - ئايرىم بايانلىرى قوشۇمچە قىلىنىدى. ئارىلىقتىكى ۋەقەلىكلەر، ئىنشائاللا، «ئەمىنىيە» دىن ھەر بىرلىرىگە مەلۇم.

— يەنە بىر مۇھىم ئەسلەتمە شۇكى، — دېدى مۇسا سايرامى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - «تارىخى ئەمىنىيە» بىلەن بۇ قېتىم يېڭىۋاشتىن يېزىلغان بۇ «تارىخى ھەمىدىي» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، يېڭىلىقلاردۇر. ئاۋۋالەن، بۇ قېتىم ئىلگىرىكى ئەسەردىكى «دىباچە» نى ئۆزگەرتىپ يازدىم. «ئەمىنىيە» نىڭ 1 - بابى «ھەمىدىي» دە ئىككى بابقا ئايرىلىپ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىگە ئائىت بىر مۇنچە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتۇم. يەنە «ئەمىنىيە» نىڭ ئىككىنچى داستان قىسمىدىكى 7 - بابىنى بۇ كىتابتا ئىككى بابقا



ئايرىلىپ، ياقۇپ بەگ بىلەن تۈركىيە سۇلتانلىقىغا ئائىت بەزەن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى. بۇ كىتابنىڭ «خاتىمە» قىسمىغا، پەقىر ھەر بىرلىرىگە ئايان ئاجىزانە ئەسىرىم «دەر بايان ئەسھابۇل كەھەب» نى قوشتۇم. ئىككىنچى بىر يېڭىلىق شۇكى، «ئەمىنىيە» دىكى مۇھىم مەلۇماتلىق سانلار، بولۇپمۇ مۇھىم پاجىئەلەر يۈز بەرگەن يىللار، پەسىللەر، كۈنلەر، مۇھىم ئۇرۇشلارغا قاتناشقان قوشۇنلارنىڭ سانى ۋە باشقا مەلۇماتلار بۇ قېتىم ئاساسەن ئۆزگەرتىلىپ، توغرىلىنىپ يېزىلدى. ئاخىرقى يېڭىلىق شۇكى، بۇ نۆۋەت «ھەمىدىي» نىڭ تىل پاساھىتىگە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلدىم. ئەۋلادلىرىم مەئرۇز تاپسا. . . — مۇسا سايرامى ئېغىر تىنىقتىن بىر ئۆكسۈپ، سۆزىدىن توختىدى. خىيالغا چۆمگەندەك بېشىنى ئەگدى.

سەلدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدىن بىرىنى ئاچتىدە، ئوقۇدى:

جەمئىي ئېتىپ تارىخچىنى يەتمىشتىن ئاشقاندا مەن،
ئەقىل - ئىدراك، تەن زەئىپ، سۇرفە سوئال① بولغاندا مەن.
بۇ پاراكەندە سۆزۈمدە كۆرسىڭىز نوقسانىنى،
رەھمى ئېيتىپ ئىسلاھ بېرىڭ، چۈنكى مەن بۇ ھالدا مەن.

شەكسىزكى، بۇ «تارىخى ھەمىدىي» نىڭ ئاخىرقى قۇرلىرى ھەمدە موللا مۇسا سايرامىدىن ئىبارەت بۇ تارىخنىڭ روشەن — كۆزى بولماستىن، زاتىنىڭ ھەم كۆڭلىدىكى ئاخىرقى سۆز، تىلىكى ئىدى. مېھماندارچىلىقتىكى ئاشنا بۇرادەرلەر ياشانغان ئەدىب، ئىقتىدارلىق

① سۇرفەسۇئال — يۆتەل، دەم سىقىلىش.

ئالىمنىڭ كەمتەرىن خىتابىغا ھەمدۇ سانالار ئېيتىپ، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ، زامانىمىزنىڭ يېتۈك شائىرى نىم شېھىت ئارمىيە ئىلى داموللا بۇ ئەسەرنىڭ تىلىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەپ «موللا مۇسا سايرامى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازدى: «نېمە دېگەن گۈزەل، پاساھەتلىك تىللار، نېمە دېگەن جاراڭلىق، يارقىن سادالار، مەن ئۆمرۈمدە نەۋائىدىن باشقا مۇشۇ كىشىدەك تىلغا باي سۆز ئۇستىسىنى، تىلى گۈزەل ئەدىپنى ئۇچراتمىغانمەن. ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئەلىشىر نەۋائىسى».



# شائىرلىق پەرۋازلىرى

لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار بىر كېچىدىلا يەر ـ جاھاننى ئاق چايشاپتا چۈمكەپ تاشلىدى. بىراق، دالالاردىن يېقىندىكى كەمبەغەل كۇلبىلىرىنىڭ پاكار ئۆگزىلىرىگىچە بىر خىل رەڭدە ئىدى. تەبىئەت ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭشەلمەس باراۋەرلىكنى ئۆزىدە نامايان قىلغانىدى.

ھۇپپىدە ئىسسىغان ئۆي ئىچىدە راھەتلىنىپ بىر نەچچە پىيالە چاي ئىچىپ، تېخىمۇ تەرلىگەن مۇسا سايرامى ياقىسىز، كۆك ئىزمىلىق كۆينىگىنىڭ ئۈستىگىلا كېيىۋالغان پاختىلىق پىنجەكنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشتى. ئوچاقتىكى ئوت ئېگىزدىكى تورخۇندىن كىرىۋاتقان سوغ شامالنىڭ پۈۋلىشىدە تېخىمۇ يېلىنجاپ كۆيمەكتە. ئوتنىڭ قىپقىزىل تىلى گاھ ـ گاھ كۆتۈرۈلۈپ، نېمىنىدۇر يالاپ، پەسلەيتتى. مۇسا سايرامى خىيالچان كۆزلىرىنى شۇ ئىنچىماس يالقۇنغا تىككىنىچە، كۆڭلىدە ئىختىيارسىز شېئىر مىسرالىرى پەيدا بولدى:

ئوتنىڭ رەڭگى قىش كۈنى گۈلشەندە گۈل پۈتكەنچە بار،
«ھۆر ـ ھۆر» ئەتكەن نالىسى بۇلبۇل سادا ئەتكەنچە بار.

شائىر كۆڭلىنى غىدىقلاپ، ئىلھامىنى ئۇرغۇتىۋاتقان

ئىلھام پەرىسىنى خۇددى ئوت ئىچىدە كۆرۈۋاتقان ياش يىگىتتەك ئالدىغا بىردىۋىنىپ قويىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا مىسرالار قاتارلىشىپ تىزىلىپ كەتكەنىدى.

ئول ئىسسىق ئۇ كىم ھەمىشە ئوچاقىدا دەم ئۇرار،
ياز ئەييامىدا گويا باغ ئىلە بوستانچە بار.
تۇرسا ئاتەشتەندا ئوتلار رەقس ئۇرۇپ، تابان بولۇپ،
نازىنىن مەھۋەشلەر ئوتلۇق چېھرى كىرگۈزگەنچە بار.

مۇسا سايرامىنىڭ ئالدىدا ئاللىقاچان قەغەز قەلەم ھازىر بولۇپ بولغانىدى. ياش چېغىدىن تارتىپ شېئىرىيەتكە مۇشتاق قەلبى يىللار ئۆتكەنچە، تاكامۇللۇق يەتكەنچە، ياشلىقتىكى ئىشتىياقىدىن كەچمىگەن، بەلكى بارغانسېرى نازۇكلىشىپ، لىرىكىلىق سىزىملار ۋۇجۇدىدىن نەزم سۇغۇرۇۋالمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان ھالەتكە يەتكەنىدى.

مۇسا سايرامىنىڭ يادىدا تېخى گۆدەك، تېخى خام مەزگىللىرىدىكى «سايرام» مەدرىسىنىڭ چاڭ ـ چاڭ ۋارقىرىسا ئەكس سادا ياندۇرىدىغان گىرىمسەن دەرسخانىلىرى، ياتاق ھۇجرىلىرى ھامانەم ھۆسنلىنىپ تۇرىدۇ. سوپى ئاللايار، ناۋائى نەزمىلىرىنى مىڭلارچە يادلاپ، سانسىز قېتىم چاڭ ـ چاڭ ئوقۇغان كىچىككىنە مۇسراخۇن شۇ كەملەردىلا قاپىيىلىك، ئاھاڭدار سۆزلەش، كېيىنچە شېئىر مەشقى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشتىياقىغا چۈشكەن، بىر مۇنچە غەزەل، روبائىلارنى قەغەزگىمۇ چۈشۈرگەنىدى. ھازىر ئۇ خام مەشقلەرنىڭ قولىيازمىلىرى يوق، يادىدا قېپقالغانلىرىمۇ ئاز، بىراق شۇ دەۋردىن باشلاپ



قېپقالغان شېئىرىيەت ھەۋىسى بارا ـ بارا ئاۋۇ ئوچاقتىكى ئوتتەك تۇتۇشۇپ، يالقۇنلىنىپ، شائىرلىق ئىزتىراپىغا ئايلانغان.

مۇسا سايرامى ئىشتىن، يېزىقچىلىقتىن بوشاپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىيابانىغا سەپەر قىلغىنىدا، پات ـ پاتلا «ساقساق» مەدرىسىدىكى ئۇستازى مەرھۇم موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى يادىغا ئالاتتى.

— شۇ نەرسە نەزەرىڭىزدىن ساقىت بولمىسۇنكى ئوغلۇم، تارىخ بىلەن شېئىرىيەت چىداملىق، پەرۋازكار بىر قۇشنىڭ ئىككى قانىتىدۇر. بۇئىككىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئۆز ـ ئارا ھەمدەملىشەلەيدۇ... خۇلاس كالام شۇلدۇركى، سىز ھەممىدىن كۆپرەك ئۇستاز ناۋائىدىن ئۆگىنىڭ ھەم تارىخچى، ھەم شائىر، ھەقىقىي بىر قىران بۈركۈت بولۇڭ. سىزدە شائىرانە تۇيغۇلار كەمچىل ئەمەس...

يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن پىلىلدىشى مۇسا سايرامىنىڭ خىياللىرىنى ئۈزدى. ئۇ قولىدىكى سىياسى ئاللىقاچان ئەكچىپ قالغان قەلىمىنى دۇۋەتكە پاتۇردى ـ دە، كاللىسىدا لىپىلداپ، يەڭگىل قونۇۋاتقان قۇشلاردەك كۆپىيىۋاتقان مىسرالارنى قەغەز بېتىگە تېز ـ تېز قوندۇرۇشقا كىرىشتى.

... ئوت يۈزىنى توسسا ئۇچقۇن دىلرەبا مەھبۇبىلەر،
ئاتەشىن ئارەزگە نازۇك پەردىنى ياپقانچە بار.

شائىرنىڭ مۇھەببەت ۋىسالىغا قانمىغان باغرى شۇ تاپتا

ياش يىگىتلەردەك تىترىدى. خىيالىغا ياشلىقتىكى قول يەتمەس ئۇ غەنىيمەت كەچۈرمىشلەر، پىغانلىق كۆرۈنۈشلەر يالت ئېتىپ كەلدى. شائىر شېئىرىنىڭ داۋامىدا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، ئوخشىتىش، تەگلەشتۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئوتنىڭ خاسىيىتىنى ئاجايىپ لىرىكىلىق بايان ئىشتىياقىدا ئۆزىنى، كۆلىبىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندى.

... ئاختارىپ باققاندا كۆلنى چىقسا گەر بىر دانە چوغ،
ئاشىقى دىلخەستىلەرگە خەندەئى جانانچە بار.

شائىرغا مەلۇم ئىدىكى، ئوتنى زۆرۈر شارائىت — قىشتىن ئايرىپ قارىغاندا، ئۇنىڭ خاسىيىتى، قۇدرىتى بۇ قەدەر زور ۋە ئۇلۇغ بولماس ئىدى، ئەلۋەتتە. مۇبادا شائىر ئوتنىڭ زىمىستان قىشتا، سوغۇقتا كىشىلەرگە ھايات بېغىشلاشتىن ئىبارەت خىسلىتىنى كۆزدە تۇتمىغاندا ئىدى. ئوتنى تەرىپلەشتە باشقىچە يول تۇتقان بولاتتى. بۇ نۇقتىنى شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغان كۆتەكنى قانداق تەرىپلىگەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىڭ.

بارچە ئەتراپى كۆيۈپ ئوتى ئۆچۈپ قالغان كۆتەك،
باش قويى سالىپ تەۋەججۇھ تاشلاغان ئىشانچە بار.

ھەيھات، قىش قىشنىڭ گۈلى — ئوت سەۋەبىدىن ئاجايىپ مەزمۇندار ئويناق بىر غەزەل ئاپىرىدە بولدى. يىللار شاماللىرى مۇزلاتقان ۋۇجۇد شېئىرىيەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىدا



ئېلىپ، «قىشنىڭ گۈلى ئوت» ناملىق شېئىرىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

مۇزلىبان تىترەپ گەرەخ[1] ئالغاندا ئۇچراشقان جىلاۋ،
دوزاخ ئەھلى داخىل ئۇلغان جەننەت رىزۋانچە بار.

مۇسا سايرامى ھاياتىدا شېئىر ئىجادىيىتىگە كۆپ ۋاقىت ئاجراتمىغان بولسىمۇ، لېكىن شېئىرىيەت مۇتالىئەلىرىگە داۋاملىق قاتنىشىپ تۇراتتى. شېئىرى ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ ناۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆپ ئوقۇيتتى. «چاھار دىۋان» نىڭ بىر جىلدى بولغان «غارايىبۇسسىغەر» دىكى غەزەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇنىڭغا ياد ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ نەسرى ئەسەر (تارىخ، تەزكىرە، نەسەبنامە) يازغىنىدا پاساھەتلىك، شېئىرى تىللارنى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» نى يازغىنىدا ئۇنىڭ پات ـ پاتلا شېئىرى ئىلھامى قوزغاپ، ۋەقەلەر ئارىسىغا ئاجايىپ كېلىشتۈرۈپ ۋە باياننى جانلاندۇرۇپ پاساھەتلىك قول بىلەن بېزەلگەن مەنادار مىسرالارنى قىستۇرۇپ ئۆتكەن بەتلىرى تالاي.

ئەگەر پادىشاھ بولسا مۇلايىم سۇخەن،
كى مۇشكۇلىنى ئاسان ئەيلىگەي ھاپىزى ھەي.
.......

---

[1] شاھمات ئويۇنىدىكى شاھ ۋە روخ (پىل) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

گەر خاھىش ئەتسەڭ ئۆز ئاسايىشىڭ،
دىيارىڭدا ئارام ئالالماس ھېچ كىشىڭ.
. . . . . .
گەر قارا توقۇلسا ئەزەلدە كىشىنىڭ گىلىمىن،
ئابى زەمزەم بىرلە ئاقارماس ھەرنىمە يۇغان بىلەن.
قەنى ئول كەسرائى گۆر خەۋەر نەق،
بۇ ئالەمدىن ئۇچۇپ كەتتى ھاۋالىق.
ئەگەرچە ياخشىلىققا يوق ۋە خائى،
ۋەرەق ئىچىدە سۇخەن باردۇر ۋە خالىق.
. . . . .

تەكىت شۇكى، مۇسا سايرامى ھەقىقەتەن پەقەت مەشھۇر تارىخچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەينى چاغدا شائىرنىڭ ئۆز قولى بىلەن «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدي» نىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ شېئىرى مىسرالىرىنىڭ پەقەت بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. بىز بۇ شېئىرلار (جۈملىدىن ئالدىنقى بەتلەردە مىسال كەلتۈرۈلگەنگە ئوخشاش «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدي» نىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ بېرىلگەن باشقا شېئىرى پارچىلار) دىكى شېئىرى پىكىر ۋە بەدىئىي شەكىللەردىن موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي تۇيغۇ ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئىستېداتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇسا سايرامى ئەينى تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ بارلىق تامانلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن



كۆزىتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە خېلىلا ئەھمىيەت بەرگەن شائىر بولۇپ، يازغان شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ زامانىسىغا كىرە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە سىياسىي مەۋقەسىنىڭ لىرىك خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بىز يەنە مۇسا سايرامىنىڭ ساناقلىق، ئەمما سالماقلىق شېئىرلىرىدىكى ئىدىيە ھەققىدە پاراڭ قىلايلى. ئەل ئارىسىدىن يېتىشىپ چىقىپ، ئاۋام مۇھەببىتى بىلەن ياشىغان بۇ ئاددىي ـ ساددا ئادەمنىڭ ئاددىي بولمىغان شېئىرلىرىدا فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ھەمدە ئادالەتسىزلىككە دېگەن نارازىلىقىنى، قارشىلىقىنى ياققال كۆرەلەيمىز. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئەزگۈچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زالىملىقىنى پاش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ئۈستىدىن قەتئىيەت بىلەن، مەردانىلىق بىلەن شىكايەت قىلىدۇ. ئادالەت ۋە خەلقپەرۋەرلىكنى تەرغىب ئېتىدۇ. زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ قورالى بولغان ئاتالمىش ئىشان، «پىر»، «ئەۋلىيا» لارنىڭ ئالدامچىلىق، تەمەخورلۇق قاتارلىق پەسكەشلىكلىرىنى رەھىمسىز ھالدا قامچىلايدۇ. تۆۋەن تەبىقە خەلقنىڭ بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالىغا ئېچىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھېسابلانغان ھالال مېھنەت، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىك ئەمگىكىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئۇلۇغلايدۇ.

كىشىلەرنى بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىشقا، ئۆز ئارا بىرلىك ئىتتىپاقلىقتا بولۇشقا، ھالال ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

ھېكايىتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. بىر قېتىم يىراق سەھراغا چىققان موللا مۇسا ئۆيگە قايتىش يولىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇشىغا، نەچچە كۈندىن بېرى ئېچىلىپ، قارىيىپ تۇرغان ئاسمان بىردىنلا شىددەتلىك يامغۇر تۆكۈۋەتتى. چۈس مىجەز ئادەتلىنىپ يېتىلگەن مۇسا سايرامى يىراق بولمىغان بارغان يېرىگە قايتماستىن، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. يامغۇر تاكى ئۇ شەھەرگە، ئۆز ئۆيىگە يېتىۋالغۇچىلىك پەسلەش ئورنىغا تېخىمۇ شىددەتلىنىپ، ياشانغان ئاجىز تەنلىك موللا مۇسانى قامچىلاپ ھارمىدى، شۇ قېتىمقى يامغۇر بىر ئاپەتكە ئايلىنىپ، پۈتۈن ئاقسۇنى ئېغىر ھالغا چۈشۈردى. كوچىلار تامام تىزغىچە پاتقاق، كەمبەغەل - چۈمبىغەللەرنىڭ قىسايغان، ئاجىز تاملىق ئۆيلىرى ئۆرۈلگەن، ئۆيلەردىن شىرقىراپ ئۆتكەن تامچە ھەممە ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزغان، توختىماي شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر دەستىدىن كىشىلەر ئۆيلەرگە سولىنىپ قېلىپ كۈندىلىك تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى تېپىش ھەتتا سېتىۋېلىشقىمۇ نائىلاج قالغانىدى. شۇ ئادەملەر قاتارىدا بۇ سورۇقچىلىقنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن مۇسا سايرامى شەخسى ھېس تۇيغۇلىرىنى، ئازاب، پاراكەندىچىلىكىنى ئۇنتۇپ، ئاۋام ھالىغا ئېچىنىپ، چىن قەلبىدىن ئۇرغۇغان ساداسىنى قەلەمگە ئالدى. بۇ شائىرنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىپ، تىللاردا تەرىپلەنگەن «پاتقاقتىن شىكايەت» ناملىق ساتىرىك ئاملىلارغا باي شېئىرى ئىدى.

ياغدى يامغۇر، بولدى پاتقاق، ماڭغىلى بولماس ياياق،



بۇ پېتىق بىرلە بۇ يامغۇردىن يۈرەلمەس ئات - ئۇلاغ.
ئۆستەڭ ئۇلدا كوچىلار، ئەنھار بولۇپ ھەر بىر ئىشىك،
ئاسمان تۆبى تېشىلدى بايا زېمىن بولدى بۇلاق.
. . . باش چىقارماق مۇمكىن ئېرمەس ھېچ ئېشىكتىن بىر كىشى،
قامىلىپ ئۆيلەردە بىز قالدۇق جامائەتتىن يىراق.

مانا مۇشۇنداق مۇشكۇلچىلىك ئاستىدىمۇ خەلقپەرۋەر شائىر يەنىلا باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ:

بولدى دېھقان جىرمانى ھۆل ھەم ئېتىزدا ئۈنچىسى،
كۆك يېغىنىنىڭ دەستىدىن ھەم يوقالىپ، قوغۇن- قاپاق.
كېچە - كۈندۈزلەپ يېغىپ، ئالەم قارار ئالماس نەپەس،
ئاسراغىل ئاپەت - بالادىن، بەندىنىڭ ھالىغا باق.

شائىر مەزكۇر شېئىرىدا بۇ قېتىمقى ئاپەتنىڭ فېئودالىق جەمئىيەتتە قىلچە ياردەم ۋە ھىمايىقا ئىگە بولمىغان دېھقانلار ئۈچۈن بالا - قازا بولغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، دېھقان ئۈچۈن كۆچلۈك ئاھ چېكىدۇ:

قاتتىق ئۇلدى كەمبەغەل بىچارە غېرىبلار كۆنى،
ئاچ - يالاڭلار ئاچقا ئۆلسە، غەم يېمەسلەر توق قورساق.

ھەق ئالدىدا بايرىقى روشەن مۇسا سايرامى شۇ جاھالەتلىك دەۋردە تۇرۇپ، كاتتا جۈرئەت بىلەن جاھالەت پىرلىرىنى قامچىلاشتىن يانمىغانىدى:

ھەممە ئىشان، ئەرەبى سەيد دېگەنلەر،
يەنە ھەجچى، مۇجاۋۇرى ھەرەملەر.
يەنە كەلتۈرگەنى ھەم كەئبە تۇپراق،
يەنە مويى مۇبارەك شەددە بايراق.
كېچىلەر ئۇيۇماي، ھوۋ ـ ھوۋۇنى ئېتىپ،
يەنەچىللە ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېتىپ.
ئۆزنى كۆرسەتىپ پىرى ھىدايەت،
ۋەلېكىن ئازغۇرۇپ يولدىن زالالەت.

. . . . . .

ھەممە ئىشات تەمەئىدىن خالىي ئېرمەس،
يەنە ئۇچبۇرىيادىن خالىي ئېرمەس.

(ئۆزلىرىنى ئىشان، پەيغەمبەر نەسلىدىن بولغان ئەرەب، ھەرەم دەرۋىشلىرى دەۋالغانلار، «بۇ ھەرەمنىڭ توپىسى»، «بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساقىلى» دەپ توپا، موي، توغ ئەلەملەر كۆتۈرۈۋالغانلار، كېچىلىرى ئۇخلىماي «ھوۋ ـ ھوۋ» دەپ، چىللە[1] ئولتۇرۇپ، تەسبىھ ئېيتقانلار، ئۆزلىرنى توغرا يول كۆرسەتكۈچى پىر دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە يولدىن ئازدۇرۇپ، قاراڭغۇلۇققا باشلايدىغانلاردۇر.)

شائىرلىق — ۋىجدان تارازىسى بىلەن ئالەم باھاسىنى لىللا كەمچەنلەيدىغان خاسىيەتلىك كەسىپ، شائىرنىڭ دىلىدا تۇغيان قوزغىغان ھېسسىيات، ئارمانلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، باھاسىنى ئۆلچەيدۇ، ئاندىن ئۆز خەلقىگە ھىدايەت ئاسايىشلىق نۇرى بولۇپ مەنپەئەت

① ئىشانلارنىڭ 40 كۈن تالاغا چىقماي ئىبادەت قىلىشى.



يەتكۈزىدۇ. كىمكى شائىر بولسا ئۆزىگە باشقىچە، ئۆزگىگە باشقىچە مىزان بەلگىلىسە، خەلق ئۇنداق شائىردىن مېھىر ئەمەس قەھىر كۈتسە بولىدۇ.

دەرۋەقە، مۇسا سايرامى ئۆمۈر بويى ئەلنىڭ، يوقسۇل ئاۋامنىڭ، ئەۋلادنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى ھەققىدە غەم يېگەن ئوتلۇق، ئىزگۈ تىلەكلەر تىلىگەن ئەدىب، تارىخچى ھەمدە شائىر بولغانىدى.

ئاتادىن يادىكار نەمۇنە ئوغلۇم،
قۇلاق سالىڭ بالام، سۆزۈمگە ئوغلۇم.
ھارامۇ ـ شۇبھىلەردىن پەرز ئەيلەڭ،
ئۆزىڭىزدىن ئولۇغقە ھۆرمەت ئەيلەڭ.

مۇسا سايرامىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى ئارىسىدىكى «نەسىھەتنامە» ناملىق بۇ شېئىر ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەخلاق، ياخشى خۇلۇقلار بىلەن تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش توغرىسىدا، شائىرنىڭ ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت تەرىقىسىدە يازغان چوڭ ھەجىملىك شېئىردۇر. بۇ شېئىرىدا مۇسا سايرامى بىر خەلققە جاۋابكار ئەدىب، بىر تەلەپچان ئاتا سۈپىتىدە ياش ئەۋلادلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇلار: ياخشى نىيەتلىك بولۇش، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىلماسلىق، ئويلاپ سۆزلەش، گۈزەل سۆزلۈك بولۇش، ئۆزگىرىشچان مىجەزلىك بولماسلىق، ئېغىر ـ تەمكىن بولۇش، تەكەببۇر

بولماسلىق، مۇلايىم بولۇش، يامانلارغا قوشۇلماسلىق، «ھەشە كەركىندەك① ئالدىغا يىغىدىغان» شەخسىيەتچىلەردىن بولماسلىق، «يەنە ھەم رەندىدەك تاشقىرى چاپچىدىغان» ئىسراپخورلاردىنمۇ بولماسلىق، ئۆمۈرنى قەدىرلەش، ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، شائىر بۇ پەندى - نەسىھەتلەرگە خېلى نۇرغۇن مىسرالارنى ئاجراتقان ۋە دىداكتىك پىكىرلىرىنى ئاجايىپ تەسىرلىك بايانلار بىلەن تۈگەللىگەن:

كى بۇغداي تېرىغان بۇغداي ئالۇرلەر،
كى ئارپا تېرىسا ئارپا ئالۇرلەر.
جاھاندا ياخشىلىق ئەسلا تېپىلماس،
يامانلىقتىن ئىش ئىلگىرى باسماس.
سۆزۈڭنى قىسقا قىل ئەي موللا مۇسا،
گۇناھىڭنى كەچۈرگەي ھەق تائاللا.
دىگىل ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش مۇڭا يىل،
يەنە باردۇر تېخى مىڭ، ئۈستىگە بىل②.

يەنە تەكرارلايمىزكى، مۇسا سايرامى ئۆز پەرزەنتىنى كۆزدە تۇتقان ئەمەس، بەلكى بارلىق ياش ئەۋلادلارنىڭ بۇ خىل ئەخلاقى - پەزىلەتنى ئۆزلىرىگە يولداش قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان. بۇنى يۇقىرىقى شېئىرىدىكى:

① ياغاچ چاپىدىغان كەكە.
② بۇ ئىككى مىسرادىكى رەقەملەر ھەرپىنىڭ 1325 - يىلىنى (مىلادىيە 1905 - يىلى) كۆرسىتىدۇ، بۇ مۇشۇ شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى.



خىتابنى مەن قىلىبدۇرمەن بالامغا،
ۋەلېكىن بۇ سۆزۈمدۇر خاسۇ ئامغا.

دېگەن مىسرالاردىن ئوچۇق كۆرۈش مۇمكىن.

مۇسا سايرامى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى، شائىرنىڭ يۈكسەك ماھارىتى ھەققىدىمۇ بىر نەچچە شىگىل سۆزلەپ كەتسەك ئارتۇق كەتمەس. سايرامى شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئۆزىگە ماس بەدىئىي يول بىلەن ماھىرانە ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى ئوڭايلا بايقىيالايدۇ. شائىرنىڭ شېئىرى پىكىرلىرى قويۇق ۋەتىرە شېئىرلىرى ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرغا بايلىقى، رەڭمۇ رەڭ ئىپادىلەش سەنئىتى، ۋاستىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى، تىلىنىڭ ساپ ۋە ئۈستۈن بالاغىتى ... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر.

مۇسا سايرامىنىڭ يىرىك شېئىرى ئەسەرلىرىدىن يەنە «سالامنامە» (1916 - يىل)، «قەسىدەئى سىدىق» (1903 - يىلى)، «غەزەلىيات» (1907 - يىل) قاتارلىقلار بولۇپ، بىز بۇ باپتا ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى ۋە ھېلىمۇ ئارخىپتا ساقلىنىۋاتقان ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرلىرى ئۈستىدە توختالمىدۇق.

مۇسا سايرامى شېئىرلىرىنىڭ (ھەممىدە ئۇنىڭ بىزگە مىراس بولۇپ يېتىپ كەلگەن بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى نەدە؟ ئىنسان — سەھۋەندىن خالىي ئەمەس، ئەدىب ھەم شۇنداق. لېكىن، بىز بۇ جەھەتتىن سۆز ئاچقىنىمىزدا لېنىننىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەزەرىمىزدىن ساقىت

قىلماسلىقىمىز كېرەك: «تارىخنىڭ تۆھپىسىگە ھۆكۈم قىلغاندا، تارىخىي ئەربابلارنىڭ بىزنى ھازىرقى زامان تەلىپىگە لايىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلىمىگىنىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن پېشقەدەملەرگە قارىغاندا يېڭى نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ بەرگەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش كېرەك.»)

ئىستىبداتلىق ئالىم، تارىخچى ۋە شائىر موللا مۇسا سايرامىنىڭ شائىرلىق پەزىلەتلىرى ۋە پەرۋازلىرى ھەققىدىكى بايانىمىز مۇشۇ يەرگىچە، سۆزىمىز ئاخىرلىشىۋاتقىنىدا بىز يەنە نىم شىبھىت داموللانىڭ مۇسا سايرامىغا بەرگەن باھاسىنى ئەسكە ئالدۇق.



# ئاخىرقى كۈنلەر

مۇسا سايرامى ئاقسۇدا شۇ تۇرغىنىچە توپتوغرا 37 يىل تۇرۇپ قالدى.

ئۆز يۇرتىنى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز ماكانىنى سېغىنمايدىغان كىم بار؟ ئادەم تۇگۇل، جان ـ جانىۋار، ئۇچار قۇشلار چېغىدا ئۆزى ئاياغ رۇسلىغان، قانات چىقارغان جايىنى، ئۇۋىسىنى سېغىنىدۇ، كىنەيدۇ، ئىستەيدۇ. مۇسا سايرامىنىڭ ئاقسۇدا تۇرغان يېرىم ئەر ئۆمرى مەزگىلى دەل ئۇنىڭ راسا ئىزدەنگەن، كۆپ ئىشلارنى قىلغان، ئۆز نامىنى كېلەچەككە، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ، شۆھرەت ئاتا قىلغان نادىر ئەسەرلەرنى يازغان يىللىرى، ھاياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى. بۇ يىللاردا ئۇ «تارىخى ئەمنىيە» نى قولدىن چىقاردى. تەلەپچانلىق خىسلىتىنى جارى قىلىپ، مەزكۇر ئەسەر ئاساسىدا تاكامۇللاشتۇرغان شاھ ئەسەر «تارىخى ھەمىدىي» نى يېزىپ پۈتتۈردى. يەنە ئۇ ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلىدە بىر مۇنچە تارىخى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ ياراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (مىلادىيە 1885 ـ يىلى)، «دەر بايان ئەسھابۇل كەھەپ» (مىلادى 1898 ـ يىل)، «دىۋان مەسنىۋى» (مىلادى 1907 ـ يىل)، «سالامنامە» (مىلادى 1916 ـ يىلى) قاتارلىقلاردۇر. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا

ئۇ يەنە بۇ مەزگىللەردە «تەزكىرەئى خوجا ئەفاق»، «ئاپاق خوجا تەزكىرىسى»، «فەرھاد ۋە شىرىن» ناملىق تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغانلىقى مەلۇم[1]. گەرچە شۇنداق مول ـ ھوسۇللۇق ئىجادىي قايناقلىقتا ياشىغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ 30 نەچچە يىلدا سۆيۈملۈك يۇرتى سايرامنى، توغايلا مەھەللىسىدىكى ئاتا ـ ئانىسى پۇراپ تۇرىدىغان قەدىم ھويلىسىنى، قېرىنداش ـ يۇرتداشلىرىنى سېغىنىپ، ياد ئېتىپ تۇردى. خىيالچان، كەم گەپ بۇ ئادەمنىڭ كۆڭۈل قېتىدا يۇرت مېھرى ئۈستى تىنچ، ئاستى زەربىلىك ئاقىدىغان دەريادەك بىرخىل سېغىنىش بىلەن ئاقاتتى.

ئەينى چاغدا 1878 ـ يىلى ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن مۇسا سايرامى تىنچ جاھاندارچىلىق ۋە ئىلىم تەھسىل بىلەن شۇغۇللىنىش مەقسىتىدە، ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ (ئەمەلىيەتتە مۇسا سايرامى «ساقساق» مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئۆز ئانا مەكتىپى سايرام مەدرىسىگە كېلىپ مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادىسى ئەيسا خوجا ۋاپات بولغان، مۇسا سايرامى مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى بولۇپ تەيىنلىنىشى بىلەنلا، پۈتۈن ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئېغىرچىلىقى تامامەن ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىلىرىدىن بولغان ئىسلام ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن ۋە ھىلاخۇنلار تېخى گۆدەك ئىدى. بۇ ھەقتە بىز ئالدىنقى بابلاردا توختالغان)، ئائىلە يۈكى مۇسا سايرامىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قېتىم چۈشكەنىدى. كېيىنچە

① نىم شېھىت ئارمىيە: «موللا مۇسا سايرامى ھەققىدە».



تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، يارۇ دوستلارنىڭ دالالىتى، سەۋەبى بىلەن ئۇ، ئۇنىڭسىزمۇ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئىجادىيەت، مەسئۇلىيەت بۇرچىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، قېرىنداش، تۇغقانلىرىنى رازى ۋە قايىل قىلىپ ئاقسۇغا كەلگەن، ئولتۇراقلاشقان، ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ئاقسۇغا يېنىپ كېلىشى مۇسا سايرامىنىڭ ھاياتىنى، تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن، ئاز ساندىكى ئىنسانلارغىلا نېسىپ بولىدىغان نۇسرەت ئۇنىڭغا ئاتا بولغانىدى. ئاشۇنداق سالاھىيەت ۋە جىددىي ئىجادىي ئەمگەك جەريانىدا مۇسا سايرامى ھەر دائىم يۇرتىنى خىيال قىلاتتى، قېرىنداشلىرىنىڭ غېمىنى يەيتتى. شالاڭ بولسىمۇ پۇرسەت تاپسىلا يۇرتىغا بېرىپ كېلەتتى. ئۇ يەنىلا سايرامدا قېپقالغان جانجان قېرىنداشلىرىنىڭ يۆلەنچۈكى، ھىماتى، مەسلىھەتچىسى، ئىپتىخارى ئىدى.

1916 ـ يىلى قېرىلىق يېتىپ، ئاغرىق ئازابى، يۇرت سېغىنىشى بارغانچە كار قىلىشقا باشلىغان مۇسا سايرامى يۈرىكىدىكى سېغىنىش ۋە دەردلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەجمى 100 بەت ئەتراپىدا كېلىدىغان شېئىرى داستانى «سالامنامە»نى يازدى. ئەمەلىيەتتە بۇ داستان جاھاننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى يەتكۈچە تېتىغان، تەكسىز دۇنيادىن كۆڭلى قالغان مۇسا سايرامىنىڭ سايرامدىكى تۇغقانلىرىغا يازغان سالام خېتى ۋە ۋەسىيەتنامىسى ئىدى.

سالامەت بارمۇ سىز ئىسلام ئاخۇن،
كەتمەن چېپىپ قوش ھەيدەپ ھارماڭ ئاخۇن.
قاسىم ئاخۇن سىز تاغدا ئامان بارمۇ،
ئارقار، كېيىك، جەرەنلەر سەمرىدىمۇ.

قەلەم شائىرنىڭ سىغىنىش، تەلپۈنۈش ھېسسىياتلىرىنى، ئىنتىزارلىقلىرىنى ئاق سۈت قەغەزگە، چېۋەر قىز قولىياغلىقىنىڭ چېتىگە ئۈمىد بىلەن باسقان نەپىس كەشتىدەك بىر ـ بىرلەپ قوندۇرماقتا، تىزماقتا ئىدى. يۇرتىدىكى ھەر بىر تۈپ دەرەخ، ھەر بىر تال تاشقىچە ئۇنىڭ نەزىرىدە جاھان سەلتەنىتىدىن ئەزىز ۋە قىممەتلىكرەك ئىدى. مۇكچەيگەن نە بەدىنىدىكى ھالسىرىغان، دەردلىك يۈرىكىدە پەقەت يۇرتىغا، يۇرتىغىلا ئاجايىپ قىزىق، ھارارەتلىك سۆيگۈ مۇھەببەتنى ھېس قىلاتتى. ئانا مەھەللىسى توغايلانىڭ قۇچىقىدا، ئانىسىنىڭ پاكىز قۇچىقىدەك شىرىلداپ، ئوقچۇپ ئېقىپ تۇرغان توغايلا ئۆستىڭىنىڭ قىرىدا بالا چاغلىرىدىكىدەك غەمسىز سەبىدەك جىمى دەرد ـ ئىسەرلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇزاق، شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سالامنامىدە ئۇ كۆڭلىدە ھەممە گەپلىرىنى قالدۇرماي دەۋالغان قەغەز بېتىگە كۆكلەمدىكى شارقىراق يامغۇردەك تۆككەنىدى. ھەتتا قېرىنداشلىرىنىڭ ھال ـ ئوقىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئۇ شېئىرى تىل بىلەن ئۇچىنچى ئىنىسى ھېلاخۇنغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ «ئاقسۇدا بۇغداي كەمچىل، 20 ـ 30 ئېشەككە بۇغداي يۈكلەپ كېلىپ، ئاقسۇ خەلقىنى بۇغداي بىلەن تەمىن ئېتىپ، قايتىشىڭىزدا ئاقسۇنىڭ گۈرۈچىدىن ئالغاچ كېتىپ، باي خەلقىنى گۈرۈچ بىلەن تەمىنلىسىڭىز» دەپ يازغان.

1917 ـ يىلى، مۇسا سايرامىنىڭ 81 يېشىغا قەدەم قويغان مەزگىلى ئىدى. يىللارنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس



سورۇقچىلىرى، ئۇزاق مەزگىللىك ئىجادى مېھنەتنىڭ دىشۋارچىلىقى ئەدىبنى ھالسىراتقان، يوقسۇزلۇق بىر ئۆمۈر يەلكىسىدىن بېسىپ، بەدىنىنى كېسەل چىرمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى غەمكىنلىشىپ، غۇربەتچىلىكتىكى كۆنلەردە ئانا دىيارىنى تېخمۇ ئەسلەيدىغان بوپقالغانىدى. خۇددى نەۋائى يازغاندەك.

غۇربەتتە غېرىب شادىمان بولماس ئەرمىش،
ئېلى ئاڭا رەپىق، مېھرىبان بولماس ئەرمىش.
ئالتۇن قەپەس ئىچىدە شاھى تەخت قۇرسا،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئەرمىش.

1917 ـ يىلىنىڭ 6 ـ ئايلىرىدا مۇسا سايرامى ئەھۋالىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تېزرەك توغايلاغا، قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كېتىۋېلىشقا ئەھدە قىلدى ۋە سايرامدىكى تۇغقانلىرىغا ئۆز ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ خەت ئەۋەتتى. خېتىدە:

قېرىلىقتىن باشقا مەندە كېسەل يوق،
قېرىلىق بەلكى مىڭ كېسەلدىن ئارتۇق.

دەپ ئەسكەرتكەنىدى.

سايرامدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارمۇ دائىم مۇسا سايرامىنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى، ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرىشەتتى، خەتنى ئالغاندىن كېيىن تۇغقانلار باش قوشۇشتىندە، مۇسا سايرامىنى توغايلاغا ياندۇرۇپ كېلىشكە

پۈتۈشتى. موللا مۇسانىڭ كىچىك دادىسى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىم ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كالا ھارۋىسى بىلەن ئاقسۇغا تېز جۆنەلدى.

ھارۋىلىقلار ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا مۇسا سايرامىنى ۋە ئۇنىڭ ئازغىنە تەئەللۇقاتىنى ئېلىپ ئارقىغا ياندى. بۇرادەرلەردىن بىر نەچچىسى ئالدىنقى كۈنى كېلىپ خوش دېيىشكەنىدى. قېرىلىق ۋە كېسەل ھالسىراتقان مۇسا سايرامى يارۇ ئاشنالىرىغا يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتتى. ئاخىرقى قېتىم ئۇلار بىلەن شېرىن سۆھبەتتە بولدى. يارەنلەر بىرلىكتە ئۆتكەنلەرنى نەۋ قىرانلىق، يىتۈكلۈك دەۋرلەرنى ئەسلەشتى، كۆلۈشتى، كۆز يېشى قىلىشتى. بىر بىرىگە ياخشى تىلەكلەر تىلەشتى. قىيالماي قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

ئەتىسى بامدات نامىزىنى مۇسا سايرامىنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە، ئاددىغىنە ھۇجرىدا ئوقۇشتى. ھارۋا تەييار بولغۇچە مۇسا سايرامى قىيالماسلىق نەزەرىدە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىدا ئۇزاق تۇردى، خىيالىدىن جىمى ئىشلار كەچتى، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ خۇشاللىقى، ئىجادىيەت، تەپەككۇر ئازابىدا تولغانغان چاغلاردىكى چەككەن جاپالىرى، دوستلار بىلەن قوۋناق سۆھبەتلەردە بولۇشقان كۆڭۈللۈك دەملەر، قايتىلانماس، قايتىپ كەلمەس قايران ھايات، ئۆتكەن ئۆمۈر مۇشۇ يەردە قالدى. ئەمدىكى كۈنلەردە نېمىلەرنى كۆرىدۇ، يەيدىغان رىسقى يەنە قانچىلىك، ئۇنى كىم بىلىدۇ، ئەيتاۋۇر ياخشى كۈنلەرنىڭ كۆپى تۈگىدى، ئاز قالدى. ئەلۋىدا ئاقسۇ شەھىرى!

كالا ھارۋىسى ھەر خىل يوللاردا، كاتاڭ يول،



ئېتىزلىق ۋە چىغىر يول، ئەگرى ـ بۈگرى يول ... ھەممىسىدە ماڭدى، تۇغقانلىرى يول بويى زىققا كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان مۇسا سايرامىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، بېشىدا پەرۋانە بولاتتى، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ، مۇسا سايرامىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماقچى، غەملىرىنى، كېسەل ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرماقچى بولاتتى.

كىچىك دادىسى — ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىم توقسانغا تاياپ قالغان بولسىمۇ، يېزىدىن، ئېتىز ئىشىدىن ئۆمۈر بويى ئايرىلمىغاچقا، تىمەن ئىدى. تېخى يەنە چاقچاقچى ئادەم ئىدى. ئۇ ھارۋىدا، ئىككى يېقىدا ئولتۇرغان ئوغۇللىرىغا مۇسا سايرامىنىڭ كىتابىدىكى قىزىق ۋەقەلەرنى، ھەزىللىك لەتىپە، ئوخشىتىشلارنى سۆزلەپ ماڭماقتا ئىدى.

— مانا مۇشۇ مۇسىراخۇن داداڭلار، ئاجايىپ قالتىس كىتابلارنى يازغان، مەن بىر نەچچىسىنى ئوقۇدۇم. «تارىخى ھەممىدي» دە نۇرغۇن ئىبرەتلىك ھېكايەت، تەمسىللەر بار، نېمە دەپ يېزىپتۇ دېمەمسىلەر، «قوي ھەر يىلى ناھايىتى ئىككىنى تۇغىدۇ، ئىت ھەر يىلى 7 ـ 8 نى كۈچۈكلەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ جاھاندا قوي كۆپ، ئىت ئاز. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئىت كۈچۈكى ئانىسىنى ئىززەت قىلماي، بېسىپ تۇرۇپ ئىمىدۇ، قوي قوزىسى ئانىسىنى ئىززەتلەپ، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئىمىدۇ. يەنە بىر سەۋەبى، قوي ياۋاش، مۇلايىم. ئىت ئازار بەرگۈچى زالىم. ھەر نەرسىكى زالىم بولسا خورلۇق ئۇنىڭغا يار، بالا چاقىلىرىغا بەرىكەت بولمايدۇ.»، «ھەر مەخلۇقكى ياۋاش، مۇلايىم بولسا دۆلەت ئۇنىڭغا يار، بەرىكەت ھەم تولا». قانداقكەن؟ ئېسىل سۆزلەرمىكەن؟ يەنە بار، «گۈل تىكەنسىز بولمايدۇ، ھۆسن

قوبهى (قەبهە) بىلەن قوشكىزەك». هەم...م، ھېكمەتنى ئاڭلىغىنۇ، مېغىزىنى چاق. مانا بىزنىڭ مۇسىراخۇن شۇنداق ئالىم بولغان ئادەم، سايرامدىن بوش ئادەم چىقمايدۇ، ھىم.

كالا هارۋىسى هەر چايقالغانسېرى ئولتاڭنى سوقۇپ، تارتىملىق غىچىرلاپ ماڭماقتا، پىسسىرلاپ يولنى ئاۋۇتماقتا ئىدى. ئالتىنچى ئاينىڭ قىزىق ئاپتىۋى بەدىنىنى راھەتلەندۇرۇپ ئىللىتقان مۇسا سايرامى كىچىك دادىسىنىڭ سۆزلىرى، ماختاشلىرى گويا ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز-دەك، تەگسىز خىياللارغا بېرىلىپ، يىراق - يىراقلارغا قارايتتى. كۆز يەتمەس ئۇپۇقنىڭ بىر چېتىدىكى گىرىمسەنلىكتىن بۇ تەرەپكە گويا لېنتىدەك سوزۇلغان بىر يول ئۇنىڭ كۆزىگە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ غايىب بولاتتى. مۇسا سايرامى تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى ئەنە شۇنداق گىرىمسەنلىكتىن چىقىپ كەلگەن، لېنتىدەك بۇ تار، چەكسىز يولدا مېڭىپ - مېڭىپ ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

مۇسا سايرامىنىڭ سايرامغا قايتىپ كەلگەنلىكى بىردەمدىلا ھەممە ياققا تارالدى. بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بىر چاغلاردىكى موللا ئەيسا خوجىنىڭ ئۆرۈك، ئۈزۈملىرى غۇچچىدە مەي باغلاپ كېتىدىغان ھويلىسى يەنە ئاۋاتلاشتى. دادىسىنىڭ يېشىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن، بىر قارىغان ئادەمگە رەھمەتلىك موللا ئەيسانى ئەسلىتىدىغان مۇسا سايرامى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سايىدا يېتىپ، ئانا باغرىدىكى گۆدەكتەك راھەت ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ كۆپتىن بىرى مۇنداق بەھۇزۇر، شېرىن ئۇخلاپ باقمىغانىدى.



مۇسا سايرامى ئاخىرقى كۈنلىرىنى يۇرتىنىڭ قۇچىقىدا ئارام ئېلىش، يېقىن ئەتراپتا سەيلە ئېتىش، خىيال سۈرۈش ۋە تۇغقانلار، يۇرتداشلار بىلەن مۇڭدىشىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇلاردىن باشقا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ مەشغۇلاتى كىتاب ئوقۇش ئىدى. ئانچە - مۇنچە قەلەم تەۋرىتىپمۇ قوياتتى. ئۈمىدۋار ئىنسان سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ يازماقچى بولغان بىر نەچچە تېما، پىلانلىرىمۇ بار ئىدى. ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ھامان ئۇنىڭ دىلىدا ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مۇسا سايرامى 1917 - يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە سايرامدا، كىچىك دادىسى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ يېنىدا تۇردى. كىچىك دادىسى ۋە باشقا قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ھالىدىن تىكلىنىپ تۇرۇپ خەۋەر ئالدى، كۆپ سەۋەبلەرنى قىلدى. لېكىن، موللا مۇسانىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە پەسلەپ بارماقتا ئىدى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر ئۆمۈر ئىجتىھات، ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكەن خەلقىنىڭ ئېسىل ئوغلى، ۋەتىنىگە، خەلقىگە، ئەۋلادلارغا بىر قاتار سەمەرىلىك تارىخىي ۋە بەدىئىي مىراسلارنى قالدۇرغان موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى كىچىك دادىسى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قولىدا جان تەسلىم قىلىپ، يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۇ خوشلاشتى.

ئۆمۈر كۆرمەك ئۇزۇن ئەمرى مەھەلدۇر،
بۇ دۇنيانىڭ باھاسى پات زاۋالدۇر.

ھەمىشە بولماغايلار پادىشاھلىق،
ئۈمىد يوق مۈلكى دۇنيادىن ۋە خالىق.

ھەمىشە يوق تىرىكلىك ھېچ كىشىگە،
ۋاپا يوق دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىگە.

شائىر بىر چاغلاردا يازغاندەك، تىرىكلىك دۇنياسى پەقەت بىر قېتىم كۆرۈلگەن ئۇزۇن چۈش، خالاس.

ئالىمنىڭ ۋاپاتى مىڭلاپ كۆزلەرنى ئابۇچەشمىگە ئايلاندۇردى. ئاقسۇ، باي، ئۇچتۇرپان ئەھلى بۇ ئېستىبداتلىق ئىنسانغا ھازا تۇتتى. سايرام ئاسمىنى مۇسىبەت سۈكۈتىدە نەچچە كۈنلەر خىرەلەشتى.

مۇسا سايرامىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە يىغقان بايلىقى بىر دۆۋە كىتاب بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا، ئىجاتتا ئۆتكەن يىللىرىغا گۇۋاھ، ھەمراھ ئىدى. ئۇ، بۇ كىتابلارنى ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىغان، قەلەي بىلەن قاپلانغان ساندۇققا قاچىلىغانىكەن. بۇ نۆۋەت سايرامغا قايتىشىدا بۇ بىر ساندۇق كىتابنى ئېلىپ كەتكەن. مۇسا سايرامىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىم بۇ ساندۇقتىكى كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان. 1944 ـ يىلى كۇچالىق شائىر بايىز قارى ئوغلى مەتىمىن بايىز بىلەن ئاقسۇغا بارغاندا ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، بىر قانچە كۈن تۇرۇش جەريانىدا «تارىخى ھەمىدى» نى، بىر قىسىم كىتاب ۋە شېئىرلارنىڭ قولىيازمىسىنى ئېلىپ كەتكەن. 1954 ـ يىلى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىم ۋاپات بولغاندا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا كەلگەن ئىمام ـ مەزىن ۋە ئاخۇن ـ ئۆلىمالار ساندۇقتا قالغان كىتابلارنى بۆلۈشۈۋالغان. بىر نەچچە پارچە ئۇششاق



كىتاب ۋە بىر قىسىم پارچە پۇرات قولىيازمىلار قالغاندا، ئاخۇنۇملار «بۇلارنى ساقلىيالىساڭلار ئوبدان ساقلاڭلار، بولمىسا كەلسە ـ كەلمەس يەرگە تاشلىماي، دەرياغا تاشلىۋېتىڭلار ياكى يەرگە كۆمۈۋېتىڭلار» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇلارنى ساندۇق بىلەن قەبرىستانلىققا كۆمۈۋەتكەن.

شائىر بايىز قارى ھوشۇر ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى ئەتىۋارلاپ پۇختا ساقلىغان بولسىمۇ، ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۆزى تارتىپ چىقىرىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان، كىتابلىرى (جۈملىدىن يۇقىرىقى ئەدەبىي مىراسلار) بازارغا ئېلىپ چىقىلىپ سېتىۋېتىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ئۈرۈمچىدىن بارغان كىشىلەر سېتىۋالغان (مەسىلەن، «سالامنامە» نى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوسمان ئىسىملىك بىر كىشى سېتىۋالغان)، بەزىلىرىنى سېتىۋالغانلار بېيجىڭغا ئېلىپ كەتكەن، سېتىلماي قالغانلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. شۇنداق قىلىپ مەرىپەتلىك ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىر موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان ۋە يىغقان ئەدەبىي بايلىق ئەنە شۇنداق تۈگەپ كەتكەن. بەختكە يارىشا، يېقىنقى يىللاردا ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى بىلەن، ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تاغىسى، ئىنىلىرى ۋە سىڭلىسى قەشقەرلىق يۈسۈپ ئاخۇننى تەكلىپ قىلىپ، مۇسا سايرامىنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغان. قەبرىنىڭ ئۈستىگە

چوڭ گۈمبەز ياسىتىپ، قەبرىنىڭ يېنىغا مەسچىت سالدۇرغان. بۇ گۈمبەز «مۇسا موللام گۈمبىزى» دەپ ئاتىلىپ، 1965 ـ يىلىغىچە ئوبدان ساقلىنىپ كەلگەن. ئاپەتلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا بۇ تەۋەررۈك جايمۇ چېقىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. لېكىن، خەلق سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى ئۇنتۇپ قالمىغاچقا، 1982 ـ يىلى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، قەبرىنى بۆلەكتىن قاتۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىشىلەر، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر بۇ جايدا ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ياتقانلىقىنى بىلەلەيدىغان بولدى.

باي ناھىيىسىنىڭ سايرام رايونىدا ھازىرمۇ مۇسا سايرامىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرى ياشىماقتا. جۈملىدىن ئالىمنىڭ نەسلىدىن ھازىر توقسۇن يېزىسىنىڭ توغايلا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر قىز نەۋرىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ تىلى ئاجىز قىزى بىلەن بىللە تۇرىدۇ.

تارىخنىڭ كۆزى — مۇسا سايرامى توغرىسىدىكى ئاددىيغىنا بۇ قىسسىمىز ئاخىرلاشماقتا. ئەدىبنىڭ ئىجادىي مېھنەتلىرىنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئالىم، تەتقىقاتچىلىرىمىز تەرىپىدىن تالاي ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە نەشر قىلىندى. بىز بولساق پەقەت ئالىم ۋە شائىر مۇسا سايرامىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ۋە ئىزلىرى خۇسۇسىدا ئاز ـ تولا ئىزدىنىش ئېلىپ باردۇق. خەلقنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئانا يۇرتىنىڭ پەخرى بولغان بۇ ئىستېبداتلىق زاتقا ھۆرمىتىمىزدىن پۈتۈلگەن مەزكۇر قىسسە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياقسا، ھاردۇقىمىز چىقاتتى.

2001 ـ يىل 28 ـ فېۋرال.



پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:
1) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»
2) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدي»
3) ئەنۋەر بايتۇر: «موللا مۇسا سايرامى» ۋە «تارىخى ھەمىدي»
4) ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى».
5) ئابدۇقېيۇم مەتىمىن: «مەشھۇر تارىخشۇناس، ئالىم موللا مۇسا سايرامى».

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىلجان ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

تارىخي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 3 [illegible]

تارىخنىڭ كۆزى [illegible]

Abdulcelil Turan Kütüphanesi

[illegible] مەھمۇت موھەممەت

www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى تيەنپىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 3.25
2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—5000
ISBN 7—228—08012—2
ئومۇمىي باھاسى (1—5): 30.00 يۈەن
(يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن)